
مىراس
6
2014
ISSN 1004-3829
12>
9 771004 382027

# ئاتاقلىق رەسسام
# ئابدۇكېرىم نەسىردىن



جۇڭگو بۈگۈنكى زامان گۈزەل سەنئەتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى، خەلقئاراغا تونۇلغان ئاتاقلىق رەسسام، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ئابدۇكېرىم نەسىردىن 1947-يىلى 2-ئايدا ئۈرۈمچىدە دۇنياغا كەلگەن. 1967-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى (هازىرقى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى) گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ تولۇق كۇرسىنى، 1981-يىلى مەركىزىي گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتى ماي بوياق رەسسام فاكۇلتېتىنىڭ ئاسپىرانتلار سىنىپىنى پۈتكۈزگەن.

ئابدۇكېرىم نەسىردىن دۆلەتلىك 1-دەرىجىلىك رەسسام، پروفېسسور، مەركىزىي گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتى، شىئەن گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولۇپ، جۇڭگو رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو ماي بوياق رەسىم ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى جۇڭگو تام رەسىم ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. شىنجاڭ ماي بوياق رەسىم ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق مۇھىم ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئابدۇكېرىم نەسىردىن تەبىئەتنى، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان ئىجتىھاتلىق رەسسام بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن ھاياتىنى ئېلىمىزنىڭ، جۈملىدىن مىللىتىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە گۈزەل سەنئەت مائارىپىغا بېغىشلىغان.

ئابدۇكېرىم نەسىردىن 1990-يىللاردىن بۇيان «گوۋۇيۈەنىنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مۇتەخەسسىس» شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان بولۇپ، يەنە 2005-يىلى ب د ت پەن-مائارىپ — مەدەنىيەت تەشكىلاتى مۇتەخەسسىلەر ئۆمىكىگە تەكلىپ قىلىنغان ھەمدە شۇ يىلى ب د ت پەن-مائارىپ-مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن باھالانغان «دۇنيادىكى 100 مەشھۇر مۇتەخەسسىس» كە بېرىلىدىغان تۇنجى تۈركۈمدىكى ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتى — «ئالتۇن ئوردېن» مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغان. ئەسەرلىرى خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدە نۇرغۇن قېتىم «ئالاھىدە مۇكاپات»، «تام رەسىم كاتتا مۇكاپاتى»، «مىس مېدال مۇكاپاتى» ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە 1-، 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا نائىل بولغان.

ئابدۇكېرىم نەسىردىن ئېلىمىزنىڭ، جۈملىدىن دىيارىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت مائارىپىدىمۇ شانلىق ئىزلارنى قالدۇرغان بولۇپ، يۈزلىگەن قابىل ئىز باسار رەسساملارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. دىيارىمىزنىڭ بۈگۈنكى زامان گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە مائارىپىدا تايانچ كۈچ بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك تەربىيەلىگەن شاگىرتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇكېرىم نەسىردىننىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرى «جۇڭگو گۈزەل سەنئەت ئېنسىكلوپېدىيەسى»، «20-ئەسىر جۇڭگو ماي بوياق رەسىملىرى توپلىمى»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ماي بوياق رەسىم سەنئىتى»، «دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر قامۇسى» قاتارلىق نوپۇزلۇق كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن.

ئابدۇكېرىم نەسىردىن يۇقىرىقىدەك تۆھپە — ئۇتۇقلىرى بىلەن ئۇيغۇر گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىلا ئەمەس، جۇڭگو، ھەتتا دۇنيا گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىمۇ مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان، يېقىلماس ئابىدە تىكلىگەن مەشھۇر رەسساملارنىڭ بىرى.

مەرھۇم ئابدۇكېرىم نەسىردىن ئادەمىيلىك ئىستىلى دۇرۇس، كەڭ قورساق كەمتەر، خۇشپېئىل، يۇمۇرىستىك، چىقىشقاق، كۆيۈمچان خاراكتېر — مىجەزى بىلەن كەسىپداشلار ئارىسىدىلا ئەمەس، كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىدىمۇ يۈكسەك ئىناۋەت تاپقان پازىل زات ئىدى.

خەلقىمىز مۇشۇنداق بىر مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، شۆھرەتلىك سىنئەتكارى بولغىنىدىن ئىپتىخارلىناتتى. ئۇنىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرىنى ھۆرمەت ۋە پەخىرلىنىش ئىچىدە سۆيۈنۈپ تىلغا ئالاتتى. مىڭ ئەپسۇس!!! خەلقىمىز، ئېلىمىز، ھەتتا دۇنيا گۈزەل سەنئەت ساھەسى يېگانە بىر يارقىن يۇلتۇزدىن ئايرىلىپ قالدى...

تارىم ۋادىسىنىڭ قۇياش نۇرى، قەدىمىي سەددىچىنىڭ تىنچلىق كەپتىرى ۋە ئوتتۇرا دېڭىزنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان مەشھۇر رەسسام ئابدۇكېرىم نەسىردىننى خەلقىمىز ئەبەدىلئەبەت ئۇنتۇمايدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيا گۈزەل سەنئەت تارىخىنىڭ ئالتۇن قۇرلىرىدا مەڭگۈ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2014 ـ يىل 6 ـ سان

(ئومۇمىي 146 ـ سان)

## ئادەت قېرىماس

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن چارۋامال ئەمچىلىكى ........
........ مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (1)

ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر ......
........ بەرنا ئۇبەيدۇللايېۋا (58)

## دەۋر ۋە ئەنئەنە

خاتا دىنىي چۈشەنچىلەرگە رەددىيە ........
........ ھاجى رىھىمجان روزى ھەسرىتى (قازاقىستان) (4)

مەدەنىيەت ۋە ئۆزلۈك ئېڭىمىز توغرىسىدا ئىككى كەلىمە ........
........ ئابدۇرۇپ نىياز داموللام (37)

## ئەجداد مىراسى — ئەۋلاد جۇلاسى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۆشۈك جابدۇق مەدەنىيىتى ........
........ ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (15)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

شېرىن ........ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (21)

## مەنئۇيەت يۇلتۇزى

پىروفېسسور ۋالىدىشمىت ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ قەدىمقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىلىرى ........ گېلىڭ شىمىن (32)



نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
ئازاد سۇلتان (پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: خۇرسەنئاي مەمەتىمىن (مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: نۇرنىسا باقى
خۇرسەنئاي مەمتىمىن
ئەزىزەم تۇيغۇن

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 ـ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 ـ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۇپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈكچىلىك ـ كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ............... ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىديار (44)

## تائاملىرىمىز

ئۇيغۇرلاردا كاۋاپ مەدەنىيىتى ............ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (47)

## ئايدىڭ كېچىلەر

قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرى ............................ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (64)

## مۇندەرىجە

2013 ـ ، 2014 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجە ... تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى (73)


**بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 31 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 31 يىللىق شانلىق تارىخىدا 146 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!**

**بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 31 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!**

**ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!**


**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن**
**تەكلىپلىك كوررېكتور: مۇنىرە مۆمىن**
**كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس**

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: **«يۈسۈپ خاس ھاجىپ»** مەرھۇم ئابدۇكېرىم نەسىردىن سىزغان
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى **نەۋبەت** تەمىنلىگەن

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin


# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园


社长，总编：
**阿扎提·苏里坦**
教授，博导
副社长，副总编：
**木合塔尔·买买提**
（编审，法人代表）
**本期责任编辑：**
**胡尔仙阿依·买买提明**（编辑）
编辑：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**艾孜再木·吐依洪**

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：**58—60**
**E-mail**：mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن چارۋامال ئەمچىلىكى

**مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن**

نۇرغۇن كىشىلەر چارۋامال دوختۇرلۇقىنى ھازىرقى زامان تېبابەت تەرەققىياتىدىن ئايرىلىپ چىققان يېڭى كەسىپ دەپ قارايدۇ. لېكىن قاراپ باقساق، بۇنىڭدىن 1000 يىللار ئىلگىرىمۇ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز چارۋاماللار كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنى داۋالاپ ساقايتىپ ئىشلىتىشنى بىلگەن. ھايۋانلار كېسەل بولسا، ئادەملەرگە ئوخشاش ئازابلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىمۇ ئادەملەرنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا-ئاران چارۋىچىلىقىغا ئائىت ئىنتايىن كەڭ ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن. ئېغىلدا بېقىلىدىغان خېچىر-ئات، تۆگە، كالا، ئېشەك، قوي، ئۆچكە قاتارلىق كۆپلىگەن ھايۋانلارنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكى، بېقىلىش جەريانى، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى، بېرىلىدىغان يەم-خەشەك، ھايۋانلاردا كۆرۈلىدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەر ۋە بۇنداق كېسەللەرگە مەنپە-

ئەت قىلىدىغان ئوت-چۆپ دورا ئۇسۇملۇكلىرى، چارۋاماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئۇسۇلى، چارۋامال ئەمچىلىكى، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز چارۋامាللىرىغا سالىدىغان ئەن (بەلگە) شەكىللىرى، يۇڭ، تېرىلىرىدىن پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرلىرى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىشى قاتارلىق ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلاردىن ئۇچۇر بېرىلگەن. تۆۋەندە بۇلاردىن چارۋامال ئەمچىلىكى توغرىسىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز:

«ئات كېسەل بولدى» (1-توم، 440-بەت) ئادەتتە ھايۋانلار كۆپىنچە چاڭ-توزان ئارىلىشىپ قالغان ئوت-چۆپلەرنى يېگەنلىك سەۋەبىدىن قورساق ئاغرىش، ئىچى سۈرۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. ئەمچىلەر بۇنداق كېسەللىكلەرنى يەرلىك ئۇسۇلدا، يەنى دورىلىق ئوت-چۆپلەرنى قايىنىتىپ سۈيىنى ئىچكۈزۈش ئۇسۇللىرىنى

قوللىنىپ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئاتنىڭ قورساق ئاغرىقىنى داۋالاشقا ئائىت مۇنداق ئۇچۇر خاتىرىلەنگەن: «ئەندىز يەردىن قېزىۋېلىنىپ ئاتنىڭ قورساق ئاغرىقىغا دورا قىلىنىدىغان بىر يىلتىز، بۇ يىلتىزنى يانچىپ كېسەل ئاتنىڭ بۇرنىغا تېمىتسا ئات ساقىيىدۇ» (1-توم، 156-بەت) «دىۋان»دا ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان ھايۋان ئات. مەھمۇد كاشغەرىي ئات ھەققىدە ناھايىتى ئەتراپلىق چۈشەنچە بەرگەن. ئۇيغۇرلار ئات مەدەنىيىتى جەھەتتە ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «دىۋان»دا بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. «ئەل ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى، ئات تۇرۇكلەرنىڭ قانىتى، ئاتنى ئەل دەپمۇ ئاتايدۇ» (1-توم، 167-بەت) ئۇيغۇرلار ئات كېسەل بولۇپ قالسا، بەكمۇ ئەستايىدىل داۋالىتىدۇ. ئاتنى بەك تۆجۈپىلەپ باقىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھايۋانلاردا پارازىت قۇرتلار بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ. «يىلقا ۋە باشقا ھايۋانلار ئېبرىغ كېسەل بولدى» (1-توم، 169-بەت) «دىۋان»دا يەنە ئاتنىڭ كېسىلىنى داۋالىغانلىقىغا ئائىت مۇنداق ئۇچۇر خاتىرىلەنگەن. «جىلدەك ئاتنىڭ كۆكسىگە چىقىدىغان بىر خىل چىقان، ئۇنىڭدىن سېرىق سۇ بىلەن يىرىڭ ئاقىدۇ، داغلىسا ساقىيىدۇ» (1-توم، 623-بەت) ئادەتتە ئاتتا كۆيدۈرگۈ كېسىلى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كېسەل بولىدۇ. بۇنداق كېسەلگە تۆمۈرنى قىزدۇرۇپ كېسەل ئورۇنغا ياقسا، كېسەل تېز ساقىيىدۇ. «دىۋان»دا تونۇشتۇرۇلغان چىقان كېسىلى دەل مۇشۇ كۆيدۈرگە كېسىلى. داغلاش تۆمۈرنى قىزىتىپ يېقىشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇل ھازىرمۇ قوللىنىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ھويلا-ئاران چارۋىچىلىقى ناھايىتى بۇرۇن تەرەققىي قىلغان. نەسىل تاللاش، نەسىل يېڭىلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەركەك ھايۋانلار ئىچىدىكى رەڭگى، ئۇستىخىنى، نەسلى ياخشى بولمىغانلىرىنى پىچىۋېتىش، ئاختا قىلىۋېتىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق نەسلىنى يېڭىلاش، نەسلىنى ئەلالاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللانغان. «دىۋان»دا بۇ ھەقتە مۇنداق ئۇچۇر خاتىرىلەنگەن. «ئۇقوزنى پىچتى» (1-توم، 399-بەت) «پىچىۋېتىلگەن، ئاختا» (1-توم، 492-بەت) ئاختا قىلىنغان ھايۋانلارنى داۋالاپ ساقايتىشمۇ ئالاھىدە تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. چارۋامال ئەمچىلىرى بۇنداق چارۋىلارنى داۋالاشتا ئاچچىق ئۆرۈك، توغاچ فازاگىلىرىنى قاينىتىپ سۈيىنى ئىچكۈزۈش، مېۋىلىرىنى يېگۈزۈش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ داۋالىغان.

ھايۋانلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتا ئېغىلدا بېقىلىدىغان ئۆچكىنى تاغ ئۆچكىسى بىلەن، قوينى ئارقار (ياۋايى قوي) بىلەن، بايتالنى ياۋايى ئايغىر بىلەن جۈپلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى قوللانغان. بۇ ھەقتە «دىۋان»دا مۇنداق ئۇچۇر خاتىرىلەنگەن. «ئارغۇن-شالغۇت ياۋا ئايغىر بىلەن ئۆي بايتىلىدىن تۇغۇلغان ئات. بەيگىدە كۆپىنچە مۇشۇنداق ئاتلار ئۆزۈپ چىقىدۇ» (1-توم، 146-بەت) ئات، ئېشەك، خېچىر قاتارلىق ھايۋانلارنى تاقلاش چارۋامال ئەمچىلىكىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەگەر تاقلىمىسا، تۇيىقى چىرىش، ئاقساش، پۇتىغا سۇ چۈشۈش، ئولداش كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولىدۇ.

«دىۋان»دا بۇ ھەقتە مۇنداق مەزمۇن خاتىرىلەنگەن. «ئۇلدىدى، ئات ئۇلدىدى، يەنى تاقىسىز مېڭىۋېرىپ ئولداپ كەتتى» (1-توم، 361-بەت) ئات تاقلاش خېلى مۇرەككەپ تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان جەريان. قارىماققا، ئۇ ھازىرقى دەۋر ئات مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسىدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما 1000 يىللار ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار ئات-ئېشەك، خېچىرلارنى تاقلاپ ئىشلىتىشتىن ئىبارەت تاقچىلىق مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھايۋانلارنىڭ تۇيىقى چىرىش، ئولداپ كېتىش كېسىلىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئالدىنى ئېلىپ، ئەملەش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئادەتتە دائىم ئىشلىتىلىدىغان چوڭ ھايۋانلار بەزىدە قەدىمى ئېغىرلىشىپ تېز ماڭمايدىغان، ئوت-چۆپنى ئىشتىھا بىلەن يېمەيدىغان خامۇشلۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنداق چاغلاردا ھايۋانلارنىڭ قۇلىقىدىن ياكى باشقا مەلۇم ئەزاسىدىن ئازراق قان ئېلىۋەتسە، خامۇشلۇق ھالىتى ئوڭشىلىدۇ. بۇ ھەقتە «دىۋان»دا مۇنداق ئۇچۇر خاتىرىلەنگەن. «چەكتۈردى، ئۇ تۇياق كېسىلى ۋە باشقا كېسەللەر سەۋەبىدىن ئېتىنى چەكتۈردى. ئېتىدىن قان ئالدۇردى.» (2-توم، 258-بەت) قان ئېلىش، قان توختىتىش ئەمچىلىكتە خېلى مۇرەككەپ تېخنىكا بولسىمۇ، لېكىن خەلقىمىز خېلى بۇرۇنلا بۇ تېخنىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىگىلەپ، چارۋامالاردا كۆرۈلىدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالىغان.

ھايۋانلارمۇ بەزىدە ناھايىتى ئېغىر كېسەللەرگە گىرىپتار بولىدۇ. قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، كېسەلنىڭ ئىسمىنى بىلمىسە، داۋالاشمۇ تەسكە توختايدۇ. «دىۋان»دا مۇنداق بىر كېسەلنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن. «ئەتلىكەن ئاتلاردا بولىدىغان بەز كېسىلى. بەز يېرىلىش بىلەن ساقىيىدۇ» (1 ـ توم، 214 ـ بەت) بۇنداق كېسەللەر كۆپىنچە ئاتنىڭ كۆكسىدە پەيدا بولىدۇ. بەز يېرىلغان ۋاقىتتا يىرىڭ ئاقىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئەمچىلەر دەرھال كېسەل ئورنىنى تازىلاپ دورىلاپ تېڭىپ داۋالايدۇ.

«دىۋان»دا بۇلاردىن باشقا يەنە تۆگە، ئېشەك، خېچىر قاتارلىق يۇڭ توشۇلىدىغان ھايۋانلاردا بولىدىغان يېغىر كېسەللىكى، قوچقار، تېكە قاتارلىق ئەركەك ھايۋانلاردا بولىدىغان تاشقىنىڭ تېرىسى يېرىلىش كېسەللىكى، قوتۇر، تەمرەتكە كېسەللىكى توغرىسىدىمۇ مۇھىم مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

«دىۋان»دا يەنە ئىرىك، ئەكەچ دېگەن ئىسىملارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلار ئەسلى قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ ئەركىكى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز نەسلى ياخشى بولمىغان ئەركەك ھايۋانلارنى شاللاش يۇزىسىدىن ئاختا قىلىۋەتكەن ھايۋانلارنىڭ ئىسمى. بۇلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسىل يېتىشتۈرۈشكە ناھايىتى بۇرۇنلاردىن باشلاپ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «دىۋان»دا چارۋامال ئەمچىلىكىگە ئائىت مەزمۇنلار خېلى كۆپ. خاس دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىنمۇ 100 خىلدىن ئارتۇقراق دورا ئۆسۈملۈكنىڭ نامى ۋە شىپالىق رولى خاتىرىلەنگەن. بۇلار توغرىسدا يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى زامان ماتېرىياللىرىدا چارۋامال دوختۇرلۇقى دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. لېكىن مەھمۇد كاشغەرىي ئەينى يىللىرىدا بۇ خىل كەسىپنى ئەمچى دەپ ئاتىغان. بۇ ھەقتە «دىۋان»دا مۇنداق ئۇچۇر خاتىرىلەنگەن. «ئەم ـ داۋا، داۋالىغۇچى، ئەمچى دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن» (1 ـ توم، 53 ـ بەت) شۇڭا مەنمۇ بۇ ماقالىدە ئەينى دەۋرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى بويىچە ئەمچى دېگەن سۆزنى ئىشلەتتىم ھەم مۇشۇنداق ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇم، ئوقۇرمەنلەرنىڭ باشقىچە پىكىردە بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىگىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# خاتا دىنىي چۈشەنچىلەرگە رەددىيە

**ھاجى رېھىمجان روزى ھەسرىتى**
(قازاقىستان)

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ھازىرقى ئەھۋاللارغا قارىغاندا خورمىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتكەندەك. بەزىبىر ھاجىلارنىڭ ئەخمىقانە پەتىۋالىرى، يېقىمسىز قىلىقلىرى تۈپەيلى ئۆزلىرى ئۆزلىرىنى ئەرزانلىتىدىغان ئوخشايدۇ.

يېقىندا مەن بېشكەكتە چىقىدىغان بىر گېزىتتە ئوسمان تۇردى مۇئەللىپىدىكى «مەلىخانىنىڭ تارىخى» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇدۇم. ھېكايىدە دىنغا ئورۇنۇپ، ئۆرپ-ئادەتنى دەسمايە قىلىۋېلىپ، نادانلار توپىنى ھەر تۈرلۈك يالغان، پەتىۋارلار بىلەن ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈۋالغان، خەلقنى قالايمىقانچىلىققا، ئىسلامغا قارشى سوپىزمغا باشلاش بىلەن، شۇنىڭ ھېسابىغا لوقما يەيدىغان ناپاك-ھارام ئايالنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى ئېچىپ بەرگەن. لېكىن، بېشكەكتە بەزىبىر جامائەت قاتلاملىرىدا بۇ ھېكايىگە قارشى چۇقان كۆتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر خەلقى بىر قىسىم ھىيلىگەر موللىلارنىڭ، ئالدامچى ھاجىلارنىڭ، ئەخمەق سوپىچاقلارنىڭ، ئابرۇيپەرەس بۇۋىلەرنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىغان ۋە ھازىرغىچە تارتىۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىن 200 يىل بۇرۇن ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى موللا بىلال نازىمى «چاڭموزا يۇسۇپخان» دېگەن داستانىدا نەق مەلىخاندەك دىنىنى نىقاب قىلىپ، يۇرتمۇيۇرت قاتراپ، خەلقنى ئالداپ، ئاخىرى يۈزىدىكى نىقابى ئېچىلىپ رەسۋا بولغان بەتبەشىرە ئادەمنى يازغان.

ئىلى سۇلتانلىقى ئۈچۈن بولغان ئىنقىلابقا ئۆزىنى ئەۋلىيا سۈپەت كۆرسىتىپ، ياغاچتىن زەمبىرەك ياساپ، خەلقنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىۋالغان چارروسىيەنىڭ مەخسۇس ئاگېنتى ماخمۇت پوچى يۇقىرىقىلار جۈملىسىدىندۇر. بۇلار ئاپپاق غوجىنىڭ، مەختۇم ئەزەملەرنىڭ مىراسخورلىرى بولۇپ، مەلىخان نەق شۇلارنىڭ رەسلىقىنى داۋاملاشتۇرغۇچى كىشىلەرنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئوبرازى.

بىلال نازىمى «چاڭموزا يۇسۇپخان»نى يازغاندا بىرەر ئادەم «يۇسۇپخان مەن، بىلال نازىمى مېنى يېزىپتۇ» دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى بىلمەپتىمىز. بىراق بۈگۈنكى كۈندە ماقالىلەردىن، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئۆزلىرىنىڭ رەسۋالىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا ئەرز-شىكايەت يېزىپ، «بۇ ماقالىدە مېنى يېزىپتۇ. ئاۋۇ ئەسەردىكى سەلبىي ئوبراز مەن» دەپ ئۆزلىرى ئۆزلىرىنى پاش قىلىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇلار نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ، ئۇيغۇرلاردا «خۇدىكى بار سەكرەيدۇ» دېگەن ماقال بار ئەمەسمۇ.

بۈگۈنكى كۈننى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئويغىنىش دەۋرى» دەپ ئاتاۋاتىمىز. تالانتلىق يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» دېگەن ئەسىرىدە ساقلىنىۋاتقان ئىللەتلەرنى كەڭ دائىرىدە كۆرسىتىپ بەرگەن. ھازىر شۇنىڭغا ئوخشاش تارىخىي، زامانىۋى خاتالىقلىرىمىزنى ئېچىپ تاشلايدىغان نۇرغۇن بەدىئىي پەلسەپىلىك ئەسەرلەر يېزىلماقتا. بۇ يازمىلاردا مىجەز-خۇلقى يامان، ھىيلىگەر، دىنىنى نىقاب قىلىۋېلىپ جان باقىدىغان، خەلقنى قاراڭغۇلۇققا باشلايدىغان، مەنپەئەت ئوغرىلىقى قىلىدىغان مەلىخانغا ئوخشاشلا پاش قىلىنىدۇ.

مىسىرنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى، نوبىل مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى نەجىبۇللا مەھبۇز ئۆزىنىڭ «يېڭى قائىدە» دېگەن رومانىدا ئەرەب ياشلىرىنىڭ يېڭى كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەش بىلەن مۇتەئەسسىپلەرنىڭ، ئالدامچى بۇۋىلەرنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى ئېچىپ بەرگەن. مۇتەئەسسىپلەر مەھبۇزنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. ياشلار بولسا يازغۇچىنى

قوغداش جەمئىيىتىنى قۇرغان. 200 يىل بۇرۇن بىلال نازىمى «چاڭموزا يۇسۇپخان»نى يېزىپ بەخىرامان ھايات كەچۈرگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىز مۇتەئەسسىپلەرنىڭ دەردىدە ئۆزىمىزنى قوغداش جەمئىيىتىنى قۇرىدىغان ئوخشايمىز.

بۈگۈنكى مۇتەئەسسىپلىك، ئىسلامنى توغرا چۈشەنمەسلىك، شۇنىڭ بىلەن نادانلارنى ئالداش، قالاقلىقنى باشلاش كەبى ئەھۋاللار ئۇيغۇر جامائىتى ئىچىدە خېلى ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا.

بىر جامائەت ئىچىدە بىر كىشى:

— مەككە مۇكەررەمگە قارىغاندا، بۇ يەردە دىن كۈچلۈك ئىكەن، — دەپ قالدى.

ياق ئۇنداق ئەمەس، ئۇ يەردە دىن ئىسلاھ قىلىنىپ تازىلانغان. بۇ يەردە بولسا ئىشان، شەيخ، غوجىلارنىڭ ئىسلامنى بۇرمىلاپ، سوپىزمنى كۈچلەندۈرۈپ، تەركىدۇنيالىق ۋەز-نەسىھەت بىلەن دىنىمىزنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن. بىز شۇلارنىڭ ھەممىسىنى دىن دەپ چۈشىنىپ يۈرىمىز، ئاللا ئۇنداقلارغا قارىتا: «ئەي مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ ئاللاھقا تۆھمەت چاپلاۋاتقانلىقىغا قارىغىن! بۇ ئوپئوچۇق گۇناھتۇر» دەپ ئاگاھلاندۇرغان (نىسا سۈرىسى 5-ئايەت).

بىر داستىخاندا موللا جامائەتكە ۋەز ئوقۇپ:

— خۇدا ياراتقان نەرسىلەردە نۇقسان بولمايدۇ. بەندە ياراتقان نەرسىلەردە نۇقسان بولىدۇ. مەسىلەن، پالانى يېڭى ماشىنا ئالغان، يولدا كېتىپ بېرىپلا بۇزۇلۇپ قالدى، — دېدى.

ياق! ئۇنداق ئەمەس، بىرىنچىدىن بەندىنى خۇداغا سېلىشتۇرۇش ئاللانى كەمسىتىش بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇ سۆز تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك مۇشۇنداق پەتىۋالارنىڭ كاساپىتىدىن ئۇيغۇرلار قالاقلىق پاتقىقىدىن چىقالماي قالدى.

ئەگەر بىز بەندە ياسىغان نەرسىلەرنىڭ بىردەمدە بۇزۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى بەندىنىڭ نۇقسانى ياكى ئاجىزلىقى دەپ قارىساق، ئاللا بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇ چاغدا ئاللا ياراتقان جانلىقلارنىڭ بىردەمدىلا قولى تۇتماس، پۇتى باسماس ۋاھاكازالار بولۇپ قالىدىغۇ. يە بولمىسا ھەر تۈرلۈك نۇقسانلار بىلەن تۇغۇلىدىغانلارچۇ؟ ئۇ چاغدا ئادەملەردىكى ھەممە نۇقسانىنى ئاللاغا ئارتىمىزمۇ؟ ياق ئۇنداق ئەمەس. ئىنساندىكى بۇ نۇقسانلار بەندىلەرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىنى ئاسرىمىغانلىقىدىن، قانىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن، ھاۋانىڭ، تەبىئەتنىڭ پاسكىنىلاشقانلىقىدىن ۋە باشقىمۇ نۇرغۇن سەۋەب بىلەن پەيدا بولۇۋاتقان ھادىسىلەر.

«بىز ئىنساننى شەك-شۈبھىسىز، ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق» دەيدۇ ئاللا (تون سۈرىسى 4-ئايەت).

دېمەك، ئاللا ئىنساننى بېجىرىم، شەك-شۈبھە كەلتۈرمەيدىغان گۈزەل ياراتقان، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى پاك، ھەر تۈرلۈك نۇقسانلاردىن خالىي. يەنى ئادەم ئاتا ھاۋا ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدا كېسەل-نۇقسان يوق دېگەن سۆز. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاللا بار، شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان. مەنسۇر ھەللاجىنىڭ (857-، 922-يىللىرى ئارىلىقىدا ئۆتكەن تەسەۋۋۇپنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىنىڭ بىرى) «ئاللا ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن تۇنجى ئادەمنى ياراتقان» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى، ئەمەلىيەتتە، ئادەمنىڭ يارىلىشىدا ئاللانىڭ ماھىيەتلىرىنىڭ پۈتكۈل تەرەپلىرى نامايان بولغان، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دېمەك يۇقىرىقى ئايەت ۋە پەلسەپىلىك ئانالىزلارنىڭ مەھسۇلى «ھۆسنى مۇبارەكىنىڭ (ئاللانىڭ) چەكسىز گۈزەللىكى ئادەم ھۆسنىدە ئىپادە قىلىنغان». بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ پاك ۋە ھەرقانداق نۇقسانلاردىن خالىي يارالغانلىقىنىڭ ئىسپاتى. بۇ پىكىرلەرنى پەن ھەم قۇۋۋەتلەيدۇ، بىزنىڭ ئىرامىزدىن بۇرۇن 460-يىللار ئەتراپىدا گىرېتسىيەنىڭ كوس دېگەن ئارىلىدا تۇغۇلغان ھىپپوكرات ئادەملەرنىڭ ئاغرىش سەۋەبىنى خۇدادىن ئەمەس، تەبىئىي سەۋەبلەردىن بولىدىغانلىقىغا ئاساس سالغان.

ئۇيغۇرلاردا ئۆز ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق تەپسىر قىلىدىغان (يېشىپ بېرىدىغان) ياكى تەرجىمە قىلىدىغان دىنىي ئەربابلار بولمىغان دېسەكمۇ بولىدۇ. جۈرئەت قىلىپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلار بولسىمۇ، ئاخىرلاشتۇرالمىغان ياكى يورۇققا چىقىرالمىغان. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى «قۇرئان كەرىم» تولۇق ئۆگىنىلمىگەنلىكتىن دىنىي چۈشەنچىمىزگە ئىسلامغا يات نۇرغۇن نۇقسانلار سىڭىپ كەتكەن. بۇلار ئىسلام ھەققىتىگە، پەننىي تەجرىبىلەرگە قارشى قىلىش بىلەن پەن بىلەن دىنىنى بىر-بىرىگە قارشى ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. شۇ سەۋەبتىن پەننىي بىلىم ئالغانلار دەھرى بولۇپ كېتىدۇ، دېگەن چۈشەنچە كېلىپ چىققان. يۈزە، دوگما ئۆگىنىش ھېچقاچان

ھەقىقەتنىڭ تېگىگە يەتكەنلىك ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن قۇرئان ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىشتىمۇ خاتالىقلار يۈز بەرگەن. مەسىلەن، «ئەرشى ئەلا» دېگەن سۆز ئاسمان دەپ ئىشلىتىلىپ، «خۇدا ئاسماندا، قۇرئانمۇ ئاسماندىن چۈشكەن» دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولغان. «ئاللانىڭ دەرگاھى ئەرشى ئاالدۇر». يەنى ئەلا دەرىجىلىك بۇيۇك-لۇكتۇر. ئەگەر ئاللانىڭ تۇرار جايى ئاسمان بولىدىغان بولسا، ئاللانىڭ تۇرار جايى مۇقىم بولۇپ قالغان بولاتتى. ئۇ چاغدا ئاسماننىڭ چەكسىزلىك توغرىسىدىكى چۈشەنچە يالغان بولۇپ چىقاتتى.

بىر كۈنى مەن ئاكام ھەمرا ئاخۇنۇمدىن:

— «قۇرئان كەرىم» ئاسماندىن چۈشتى دەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئاكام:

— ھە، ئاسماندا كىتاب بېسىپ چىقىرىدىغان باسمە-خانا بارمىكەن؟ — دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قۇرئان كەرىم» ئاسماندىن چۈشتى ياكى ئاللا ئاسماندا دېسەك، ئاللانى يالغانغا چىقارغان بولىمىز. ئەرشى ئەلادىن چۈشتى، يەنى ئاللانىڭ دەرگاھىدىن چۈشتى. ئاللا ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر».

«ئاللا ئۆزىگە لايىق ئەرشتە، ئەرشى ئۈستىدە قارار ئالدى» (ھەبىب سۈرىسى 4-ئايەت).

بىز بۇ يەردە ئاسمان ھەققىدە سۆزلىگەندە 13 ــ 14-ئەسىرلەردە ياشىغان دىنىي يازغۇچى ناسىر بۇرھان-دىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» (ئەۋلىيالار قىسسە-سى) دىكى پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقى ھەققى-دىكى رىۋايەتنى شىپى كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. بىرىنچى، رابغۇزى پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى «ئىسلام-لاشتۇرۇپ» كىتاب شەكلىگە كەلتۈرگەن شەخس؛ ئىككىن-چىدىن، بۇ كىتابتا پەيغەمبەرلەرنى ئاللادىن ئۈستۈن قويى-دىغان گۇناھى يېتىپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەرلەر نامىدىن سۆزلەپ «ئاللا ماڭا بىر قىسىم ئىشلارنى ۋەھيى قىلدى. ماڭا ۋە ئۈممىتىمگە بىر كېچە-كۈندۈزدە 50 ۋاخ نامازنى پەرز قىلدى. مەن قايتىپ مۇساغا (مۇسا پەيغەمبەرگە) كەلدىم. مۇسا: «رەببىڭ سېنىڭ ئۈممىتىڭگە (خۇددى ئاللا مۇسانىڭ رەببى ئەمەستەك) نېمىلەرنى پەرز قىلدى؟ دەپ سورىدى. مەن: « 50 ۋاخ نامازنى پەرز قىلدى» دېدىم. مۇسا: «قايتىپ بېرىپ رەببىڭدىن يېنىكلە-تىشنى سورا، ئۈممىتىڭ بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ...» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قايتىپ بېرىپ رەببىمگە: «ئەي رەببىم ئۈممىتىمدىن يېنىكلەتكىن» دېدىم. مەندىن بەش ۋاخ نامازنى كېمەيتتى. مۇساغا قايتىپ «مەندىن بەش ۋاخ نامازنى كېمەيتتى» دېدىم مۇسا «ئۈممىتىڭ قى-لالمايدۇ، قايتىپ بېرىپ رەببىڭدىن يېنىكلىتىشنى سورا» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يېنىكلىتىشنى سوراپ رەببىم بىلەن مۇسانىڭ ئارىسىدا كۆپ قېتىم ماڭدىم. تاكى ئاللاتائالا، ئەي مۇھەممەد بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلدىم دېدى. قايتىپ چۈشۈپ مۇسانىڭ يېنىغا كىردىم. ئەھۋالنى مەلۇم قىلدىم» دەيدۇ.

قىسسەسۇل ئەنبىيادا 19-، 20-ئەسىرلەرنىڭ ئارىلى-قىدا ئۆتكەن دىنىي ئالىم مۇھەممەد ھوزۇرى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» ناملىق كىتابقا يۇقىرىقى-دەك ۋەقەنى ئەنەس ئىبنى مالىكتىن دەپ بايان قىلغان. مەزكۇر كىتابتا «ئەھلى سۈننەتلەر پەيغەمبىرىمىز مراجعا جسمى بىلەن چىققان» دەپ قارايدۇ. ھەزرىتى ئائىشە رەسۇلۇللانىڭ ئاللانى كۆرگەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ: «كىمكى مۇھەممەد پەرۋەردىگارنى كۆردى دەيدىكەن ئاللاغا چوڭ بوھتان قىلغان بولىدۇ» دېگەن. رەسۇلۇل-لاھقا مۇسا پەيغەمبەر يۇقىرىقى مەسلىھەتلەرنى بەرمىگەن بولسا، ئاللا ئاخىرقى بەندىلىرىنىڭ نېمىگە چامىسى يېتىد-غانلىقىنى ئۆلچەلمەي قالاتتىمۇ، ئاللا مۇساچىلىك پاراسەت-كە ئىگە ئەمەسمۇ. بۇ ئاللانى ئوچۇقتىن-ئوچۇق كەمسە-تىش بولماي نېمە؟

«قۇرئان كەرىم»دە: «ئېيتقىنكى، دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار، مەيلى ئاشكارىلاڭلار ئاللا ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسە-لەرنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللا ھەر بىر نەرسىگە قادىردۇر» دېيىلگەن (ئەل ئىمزا سۈرىسى 29-ئايەت).

«قۇرئان كەرىم»دە مۇشۇ مەزمۇندا نۇرغۇن ئايەت-لەر بار بولۇپ ئاللانىڭ قۇدرەت كامالى يېتەرلىك بايان قىلىنغان. ئاللاھ ئۆز بەندىسى مۇسانىڭ مەسلىھەتىگە موھتاج ئەمەس ھەم ئاخىرقى پەيغەمبىرى ئۆز ئۈممەتلى-رىنىڭ نېمىگە قۇدرىتى يېتىدىغانلىقىنى ئۆلچەلمەسلىكى ھەم مۇمكىن ئەمەس. ئەپسۇسكى بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئىمام بۇخارى (825 ــ 870)، مۇھەممەد ئەبۇ ئابدۇللا ئىبنى ئىسمائىل ئىمام مۇسلىم (831 ــ 875)، ئىننى ھەججاج قاتارلىق مەشھۇر دىنىي يازغۇچىلار بۇ مەنتىقىگە

ئېتىبار بەرمىگەن. تەھلىل قىلىپ كۆرمەي، بىردىنبىر كۆچۈرۈپ كېتىۋەرگەن. ناسىر يوھاندىن رابغوزىمۇ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدە مىراج مەسلىسىنى ئەينى بويىچە كۆچۈرۈپ بايان قىلغان، ئەمما بەزىلىرىمىز مۇنداق كىتابلارنى ئوقۇغاندا ئاللانىڭ قۇدرىتى كامالىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئەخمەقلەرچە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىمىز.

«قىسسەسۇل ئەنبىيا» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا كىتابلاردا «شەيتان جەننەتنىڭ ئىشىكىنى باققۇچى يىلان بىلەن توزنى ئالداپ جەننەتكە كىرىۋېلىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ھاۋا ئانىمىزنى ئاداشتۇرغان. ئاللا يىلانغا جازا بېرىپ، تېنىنى تەتۈر ئۆرۈۋەتكەن، شۇ سەۋەبتىن يىلاننىڭ پۇتى يوق، توزنىڭ 40 قانىتىنى يۇلۇۋېتىپ، بىر قانىتىنى قويۇپ قويغان» دېگەن ئەپسانىگە ئىشىنىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ يەردە دىنىي مەنتىقىگە ئېتىبار بېرىلمىگەن. ئەپسانىدىن پايدىلانغۇچىلار شەيتاننى ناھايىتى قۇدرەتلىك قىلىپ كۆرسىتىپ، ئاللانى كەمستكەن.

«ئاسمان-زېمىندىكى زەررىچىلىك نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ۋە چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ» (يۇنۇس سۈرىسى 61-ئايەت).

ئاللانىڭ قۇدرەت كامالىنى مۇشۇ ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇپ شەيتاننىڭ يىلان بىلەن توزنى ئالداپ، جەننەتكە كىرىپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىمىزمۇ؟ ياق! ئاللا ئۆز ۋەدىسىدە مەھكەم تۇرغۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شەيتاننىڭ تەلىپى بويىچە خىزمەت ھەققى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن يول بەرگەن. شەيتان جەننەتكە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن بىللە كىرىپ ئادەمنى ئاداشتۇردى. ئەمما ئاللا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا شەيتاننىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى، ئادەمنى ئازدۇرىدىغانلىقىنى ئالدىنئاللا ئادەمگە ئاگاھلاندۇرۇپ قويغانىدى.

بىر كۈنى قوشنىمىزنىڭ ئانىسى ۋاپات بولدى. شۇ ھەقتە سۆز بولۇپ بىرسى:

— قارىغىلار بۇ ئايال ناھايىتى تەقۋادار ئىدى. ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن «مەن ئۆلگەندە ‹قىسسەسۇل ئەنبىيا›دىن بىر پارچە يېزىپ، ‹قۇرئان كەرىم›دىن بىر ئايەت يېزىپ، كېپىنىمگە ئوراپ كۆمۈڭلار» دەپتۇ، — دېدى.

مەن:

— شۇلار قۇتقۇزۇپ قالسا بىر پارچە ئەمەس، پۈتۈن كىتابنى قوشۇپ كۆمۈڭلار، — دەپ تاشكەنتتە سىلاۋيان ھەرپىدە بېسىلغان ئۆزبېكچە «قىسسەسۇل ئەنبىيا»نى بەردىم.

ھېلىقى سۆز قىلغان ئايال:

— ۋايىيەي بۇ رۇسچىكەنغۇ، يامان بولىدۇ، — دەيدۇ.

— رۇسچە بولسا نېمە بوپتۇ. تىلنى ئاللا ياراتقان ئەمەسمۇ؟ — دېدىم. ئاللا ئۆز كالامىدا: «تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭلىرىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى ئاللانىڭ (كامال قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر...» دېگەن. (رۇم سۈرىسى 22-ئايەت)

«قىسسەسۇل ئەنبىيا»نى «قۇرئان كەرىم» بىلەن تەڭ قويۇش بەندىنى ئاللا بىلەن تەڭلەشتۈرۈش دېمەكتۇر.

مەن بىر كۈنى يېقىن كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ (ئۇ كىشى چوڭ قارىلاردىن ئىدى) قارىسام دالاندا ئەسكى ئورۇندۇق ئۈستىدە توپا باسقان قۇرئان شەرىپ تۇرۇپتۇ.

— ھوي بۇ كىتابنى بۇ يەرگە تاشلاۋېتىپسىلەرغۇ، — دېسەم، ھېلىقى يېقىنىم:

— بۇ تەرجىمىسىغۇ، — دەيدۇ.

— تەرجىمىسى قۇرئان ئەمەسمۇ؟ — دېدىم.

مانا بۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىز. ئەرەب تىلىدىكى قۇرئاننى چۈشەنمەيمىز، بىراق تېشىنى قاپلاپ، بېشىمىزدىن ئېگىز يەرگە ئېلىپ قويىمىز. تەرجىمىسىنى دەپسەندە قىلىمىز. ھېلىقى تەرجىمىنى ئېچىپ قارىسام كىتابنىڭ نامى يېزىلغان بەتنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە «ئۇشبۇ مەسھەق شەرىپ ۋە مەنىلەرنىڭ تەرجىمىسى بىلەن بېسىلىشىنى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پادىشاھى ئىككى ھەرەمنىڭ خىزمەتكارى فەھدىن ئابدۇل ئەزىز ئەل-سەئۇدى ئۆزىگە شەرەپ بىلىپ بېسىشقا ئەمىر قىلدى» دەپ يېزىلغان ئىكەن. ئاخىرىقى بېتىگە «‹قۇرئان كەرىم›نىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى باسمىخانىسىدا بېسىلدى. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ خەج، ۋە ئەۋقاپ مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقى (ئىقتىسادى) بىلەن» دەپ قەدىمكى ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغانىكەن.

«قۇرئان كەرىم» تەرجىمىسى يالغان پەتىۋالارغا ئازراق بولسىمۇ توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

«قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلسا بولمايدۇ دېگەن تەشۋىقاتىمۇ مەۋجۇت ئېخى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ يۇقۇرىقىدەك ئەرەبىستاندا نەشر قىلىنغىنىغا قارىماي، تەرجىمىسى چالا دېگەن بوھتان چاپلىغۇچىلارمۇ يوق ئەمەس.

بىز ئۆزىمىزنىڭ توغرا ئېتىقادىدا مەھكەم تۇرۇشىمىز كېرەك. ھەر تۈرلۈك يالغان پەتىۋالارنى توقۇپ دىنىمىزنى بۇلغىماسلىقىمىز كېرەك. شۇ سەۋەبتىن نۇرلۇق كىتابىمىزنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىمۇ، تەرجىمىسىنىمۇ قەدىرلىشىمىز كېرەك.

ئاللا بىزگە ئەقىل-پاراسەت بەردى. شۇ ئەقىل-پاراسەتنى ئىشلىتىشنى بىلىشىمىز كېرەك. (ھەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى كەمتۈك تۇغۇلۇپ قالغانلاردىن تاشقىرى). يېپىق ئەقلىنىڭ ئاچقۇچى بىلىمدۇر. بىز ئەقلىمىزنى ئىشلەتمىگەنلىكىمىزدىن ياكى شۇ بىلىمنىڭ يوقلۇقىدىن ئىشەنچ باغلاپ تۇرساقمۇ... ئاللانى بەندىلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىغۇچى نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىمىز.. مەسىلەن: ماڭا پالانى قەست قىپتۇ ياكى ئوقۇتۇۋېتىپتۇ. مەن ئۇنى قارغاۋەتكەن، خۇدايىم كۆرسىتىدۇ. پالانچىنىڭ قارغىشى چاپسان ئۆتىدۇ، دېيىشىدۇ. دېمەك مەزكۇر ئادەملەر نېمىلا دېسە ئاللا شۇنى ئورۇنداپ بېرىدىكەندە؟ شۇ چاغدا بۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئاللا كىم بولۇپ قالدى؟ ئۇلار شۇ سۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى ئۇلۇغلاپ ئاللانى كەمسىتىدۇ. بىراق «ئاللا بەندىلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (بەزىلىرىنىڭ نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (ئەل ئىمزا سۈرىسى 34-ئايەت). شۇنداق نادانلار باركى «ئولتۇرۇپ، تۇرۇشىمىزنىڭ ھەممىسى گۇناھ ئىكەن» دەيدىغان. ئاللا بىزنى ئۇقۇشماي بىزنى ئولتۇرۇپ، تۇرىدىغان قىلىپ يارىتىپ قويىدىمۇ؟ بوپتۇ ئولتۇرۇپ تۇرمايلى، شۇ چاغدا نېمە بولماق؟ جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئىشنىڭ مەھسۇلى ھاياتلىق ئەمەسمۇ؟

ئەپسۇسكى يېقىندا بىر موللا «روزا ھېيتىدا يەتتە جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، يەتتە دوزاخنىڭ ئىشىكلىرى پېچەتلىنىپ كېتىدۇ» دېگەن پەتىۋانى چىقاردى، ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ جەننەت، دوزاخ ھەققىدىكى سېھىرلىك كارامىتىنى بۇزۇپ ئېيتىشقا ھەققى يوق. ئۇ پەقەت مەھشەر كۈنىلا يەنى ئىسرائىل سۇنەي چالغاندىلا، ئىنسانلارغا قايتىدىن جان پۈتۈلگەندىلا، ئاللانىڭ قۇدرەت كامالى ئارقىلىق ئېچىلىدىغان سىر. بۇ سېھرىي قۇدرەت ھەر روزىدا ئېچىلىپ يېپىلىپ تۇرىدىغان ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكى ئەمەس.

«دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا، جەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلىدىغان چاغدا ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى-يامان ئىشلىرىنى بىلىدۇ» (تەكۋىر سۈرىسى، 12-، 13-، 14-ئايەتلەر).

روزا مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابىدا تۆۋەندىكىچە بايان بار. «مۇشۇ يىلى شەيبان ئېيىدا ئاللا ئىسلام دىنىدىكىلەرگە رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇشنى پەرز قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتاتتى. روزا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن ۋە دىنىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان پەرزلەردىن بىرى. ئىنساننىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئىنسان ئۆز نەپسىنىلا ئويلايدۇ، شەخسىي مەنپەئەتىنىلا كۆزلەيدۇ. ئاجىز مىسكىنلەرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن كارى بولمايدۇ»، «ئىنسان روزا ئارقىلىق ئاچلىقنىڭ، ئۇسسۇزلۇقنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆڭلى يۇمشايدۇ، ئەخلاقى تۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاجىز-بىچارىلەرنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇلارغا سەدىقە ئېھسان قىلىدىغان بولىدۇ» دېيىلگەن. بىز يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بەزى موللىلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمچانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، يە بولمىسا ئىچىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ھەر تۈرلۈك يالغان-ياۋىداقلارنى قوشۇۋەتكەنلىكتىن، ئېتىقادتا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىققان.

مۇشۇ كۈنلەردە دىن ھەققىدە تالاش-تارتىشلارنى چالا موللىلار بىلەن يالغان بۈۋىلەر چىقارماقتا. ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇمايدۇ، تەرجىمىسىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قارايدۇ. ھەرقانداق پەتىۋا قۇرئانغا ياندىشقان، ئەقىلگە ئۇيغۇنلاشقان بولۇشى كېرەك. رامىزان روزىسى توغرۇلۇق «قۇرئان كەرىم»دە تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىلگەن:

«ئەي مۆئمىنلەر: (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغىنىدەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى. (بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر. سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا) تۇتمىغان كۈنلەرنى باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلى مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر بولسا (كۈنلۈك ئۈچۈن) بىر

مىسكىنگە تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم، كىمكى فىدىيەنى بەلگىلىگەن مىقداردىن ئارتۇق بەرسە بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر».

رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى. قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر. ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر. سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا روزىنى تۇتۇپ، كىمكى كېسەل ياكى يول ئۈستىدە يەنى مۇساپىر بولۇپ تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، ئاللا سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ. تەسلىكنى خالىمايدۇ. (بەقەر سۈرىسى 183 ـ ، 185 ـ ئايەتلەر).

مانا روزا ھەققىدە «قۇرئان كەرىم»دىن نەق جاۋاب.

بىر كۈنى تېلېۋىزوردا بىر ئىمام قۇربانلىق قوينى بوغۇزلاش ھەققىدە ھاجىتى يوق، مەنتىقسىز، ئەخمىقانە پەتىۋالارنى سۆزلەۋاتىدۇ. يەنى قۇربانلىق قوينى بوغۇزلىغاندا، ئۇنىڭ قېنى قانچىلىك يىراق يەرگە چاچرىسا شۇنچە كۆپ ساۋاب بولارمىش. داس ۋە باشقا قاچىلارغا بوغۇزلىسا دۇرۇس بولماسمىش. بىر قوي يا ئۆچكە بىر ئادەمگە، كالا ياكى تۆگە يەتتە ئادەمگە يارارمىش. شۇ بىر ئائىلىدە ئون ئادەم بولسا ئون قوي ياكى ئۆچكە قۇربانلىق قىلىش كېرەكمىكەن، مۇنداق ئەخمىقانە پەتىۋالار ئىسلامنى تۈزۈكرەك چۈشەنمەي قايمۇقۇپ يۈرگەن نادانلارنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنى بىخۇدلاشتۇرۇپ توپىلاڭدىن توقاچ ئۇغرىلايدىغان ئىنسابسىز دىن بۇزارلارغىلا كېرەك. قۇربانلىق توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم»دە تۆۋەندىكى ئايەتلەر كەلتۈرۈلگەن.

«ئاللا بەيتۇل ھەرەم بولغان كەئبىنى، ھەج ئېيىنى، ھەجدە قىلىنىدىغان قۇربانلىقنى (قۇربانلىقنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە) بويۇملارغا بەلگە ئېسىلغان تۆگىلەرنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تۈتقۇسى قىلدى...» (مائىدە سۈرىسى 97 ـ ئايەت).

«ھەج ياكى ئۆمرەنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، ئۇ ھالدا نېمە ئوڭاي بولسا (يەنى تۆگە، كالا، قويدىن قايسىنى تاپساڭلار) شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار» (بەقەرە سۈرىسى 196 ـ ئايەت).

ئەمدى قۇربانلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تەۋراتتا تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىلگەن:

«خۇدا ئىبراھىمنىڭ ئىشەنچىسىنى سىناپ:

— ئىبراھىم! — دەپ چاقىردى. ئىبراھىم:

— لەببەيـ، — دېدى. خۇدا ئۇنىڭغا:

— سەن ئوغلۇڭنى، يەنى سەن بەك ئامراق ئوغلۇڭ ئىسھاقنى (بۇ يەردە ئىسمائىل دېيىلمىگەن) ئېلىپ مۇبارا دېگەن جايغا بېرىپ، مەن كۆرسىتىلگەن تاغنىڭ ئۈستىدە ئۇنى ماڭا ئاتاپ قۇربانلىق قىل، — دېدى.

ئەتىسى سەھەردە ئىبراھىم ئېشىكىنى ئېگەرلەپ، ئىسھاقنى ئېلىپ، ئاتا ـ بالا ئىككىسى يۈرۈپ كەتتى. ئىسھاق:

— ئاتا! — دەپ چاقىردى. ئىبراھىم:

— ھە، ئوغلۇم، — دېدى.

— قۇربانلىق قىلىدىغان قوزا قېنى؟ — دەپ سورىدى ئىسھاق.

ئىبراھىم ئۇنىڭغا:

— ھەي ئوغلۇم، قۇربانلىق قىلىدىغان قوزىنى خۇدا ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ئىككىسى توختىماي مېڭىۋەردى. ئۇلار خۇدا ئىبراھىمغا كۆرسەتكەن جايغا كەلگەندە ئىبراھىم... ئۆز ئوغلىنى باغلاپ... ياتقۇزدى. ئاندىن ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن پىچاقنى كۆتۈردى. بىراق پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:

— قولۇڭنى تارت، — دېدى.

ئىبراھىم ئەتراپىغا قارىۋىدى. مۈڭگۈزى چاتقالغا ئىلىنىشىپ قالغان قوچقار ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. دەررۇ بېرىپ قوشقارنى يېشىپ، ئۇنى ئوغلىنىڭ ئورنىغا قۇربانلىق قىلدى».

تەۋراتتىكى قۇربانلىق قىلىشنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. ئەپسۇسكى، يېقىندا ئالمۇتادا بىر ئەۋلىيا پەيدا بولۇپ، «قۇربانلىقنى تاغ ئىچىگە ئاپىرىپ بەجا كەلتۈرۈش كېرەك» پەتىۋاسىنى چىقىرىپتۇدەك. بەزى ئەخمەقلەر بۇنى قىلمايدۇ دەپ ئېيتمايمىز. بۇ يالغان پەتىۋانى، بۇ يالغان ئەۋلىيا تاپتى؟ ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بالىسىنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن تاغ ئىچىگە ئاپاردى دېگەن تەقدىردە، مەككە پۈتۈنلەي تاغ سالالارغا جايلاشقان تۇرسا، باشقا يەرگە ئاپىرىش مۇمكىنمۇ؟ ئادەم بوغۇزلاشنىڭ قورقۇنچلۇق ۋەقە بولغىنى ئۈچۈن ئاللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن دالدىدا ئادەملەرنىڭ

كۆزىدىن يىراقراق يەرگە ئاپىرىش كېرەكتۇ؟ مۇنۇ ئەۋليا ئادەملەرگە، بولۇپمۇ نادانلارغا ئاۋارىچىلىكنى نېمىشقا يۈكلەيدۇ؟

تېخى يېقىندىلا مۇردىنى سۇغا ئالغاندا بىرەر موللا ياكى ھاجى ئۇنىڭ بېشىدا ئايەت ئوقۇپ تۇرۇشى كېرەك دېگەن ھېچقاچان ئاڭلىمىغان بىر پەتىۋا چىقتى. مۇشۇ پەتىۋاچىلار ئاللانىڭ نىسا سۈرىسى 43 ـ ئايىتىدە كۆرسەتكەن «ئاللا بەندىلىرىگە ھەرەج (ئېغىر) بولماسلىقى ئۈچۈن ئىبادەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر» دېگەن كالامنى يالغانغا چىقارماقچىمۇ؟

يېقىندا ھەجگە بېرىپ كەلگەن بىر ئايال «ھەجدىن قايتىپ كەلگەن ھاجىلار 40 كۈن ئىدە تۇتۇشى كېرەك» دېگەن پەتىۋا چىقىرىپتۇ. ئۇلار بۇ جەرياندا ئۆيدىن چىقماسلىق، كىشىلەرگە ئارىلاشماسلىق كېرەك ئىدى. «ئىدە» دېگەن نېمە؟ ئۇ يەنى پەرزەنت تۇغۇلسا، تۇغۇتلۇق ئايال مەلۇم ۋاقىت ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق، تالا ـ تۈزگە چىقماي، ئۆزىنى ۋە بالىنى ئاسرايدۇ. سەۋەبى ئانا تۇغۇتتىن ئاجىزلايدۇ ھەم يېڭى تۇغۇلغان پەرزەنت يۇمران بولغىنى ئۈچۈن شامالدىن (سوغۇق تېگىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) ھەر تۈرلۈك زىياندىن، يۇقۇملۇق ھادىسىلەردىن قوغدىنىش ئۈچۈن ئىدە تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى يۇقۇملۇق كېسەللەرگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلار بىلەن داۋالىنىۋاتقان بىمارلارغا ئوخشاش ئەھۋاللاردا ئىدە تۇتۇلىدۇ.

ئەپسۇسكى ئىدەنى چۈشەنمەي، ئاساسسىز ھالدا ئادەملەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئاللاغا بولغان ئىبادەتكە ئېغىرچىلىق قوشسا بولامدۇ؟ بۇ پەتىۋارلارنىڭ دىلى قارىغۇدۇر. يالغان پەتىۋارلارغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭمۇ دىلى قارىغۇدۇر. قارىغۇ قارغۇنى يېتىلەپ ماڭالمايدۇ.

ئەمدى ھەج مەسىلىسىگە كەلسەك ئاللانىڭ سۆزى «قۇرئان كەرىم»دە!

«... كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنى ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ياكى ئورۇق تۆگىلەرگە ئولتۇرۇپ كېلىدۇ...

كىشىلەرگە ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنى ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن. بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلەردە) ئاللا ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللىرىنى (تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى ئاللانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللانىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ، قۇربانلىق قىلسۇن. سىلەر قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يەڭلار. موھتاجغا پېقىرغا بېرىڭلار. ئاندىن ئۇلار (ھەج تاۋاپ قىلغانلار) ئۆزلىرىنى تازىلىسۇن. يەنى ئېھرامدىن (يۆگەلگەن ئاق) چىققاندىن كېيىن، چاچلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئالسۇن. ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلسۇن. قەدىمي بەنت (بەيتۇللانى) تاۋاپ قىلسۇن. ھەج ئىبادىتى ئەنە شۇدۇر.» (ھەج سۈرىسى 26 ـ، 37 ـ ئايەتكىچە)

مانا يۇقىرىقى ئايەتتە ھېچ قانداق ئىدە ھەققىدە پاراڭ يوق. بۇ ئاللانىڭ كالامىغا قىپقىزىل تۆھمەت.

ئالمۇتا ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيەسىدە بىر قانچە ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئانىسى ۋاپات بوپتۇ. ھەممىسى ئانىنى ناھايىتى ھۆرمەت ـ ئېھتىراملار بىلەن ئۇزىتىپتۇ. بىراق ئۈچىنى، يەتتىنى ھەممە بالىلارنىڭ ئۆيىدە بىر كۈندە، ھەر پەيشەنبىنىمۇ مۇشۇنداق ئايرىم ـ ئايرىم، قىرىقى نەزىرىنى ھەممىسى ئايرىم ئۆتكۈزۈپتۇ. پەقەتلا كەم بولغىنى ئانىنى ئۈچ ـ تۆت يەرگە يۆتكەپ سۇغا ئېلىپ، ئۈچ ـ تۆت يەردە نامىزىنى چۈشۈرمىگەن. بۇ نېمە؟ ساۋاب ئىزدەشمۇ، ماختانچاقلىق، دامخورلۇقمۇ؟ بۇ يەردىكى دىنىي ۋەكىللەر نېمە قىلىپ يۈرىدۇ؟ ئىنسابىنى ئۇنتۇپ بەرگىنىگە شۈكۈر دەپ يۈرەمدۇ؟

«قۇرئان كەرىم»نىڭ نىسا سۈرىسى 28 ـ ئايىتىدە «ئاللا سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنىڭ يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ» دېيىلگەن.

مۇنۇلار ئاللانىڭ ئىرادىسىگە قارشى ئىش قىلىپ ساۋاب تاپىمىز دەمدۇ؟

بۇرۇن كۇچا شەھرىدە مۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەرگەن.

1850 ـ يىلى ئۆتكەن مىرزا ھاجى بەگ چىڭۋاڭنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادى مەمەتئىمىن نايى ۋاڭ 1923 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈچتۇرپاندا ۋاپات بولىدۇ. بۇ چاغدا ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، ۋاقىتلىق شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ھاۋا بىر ئاز سوۋۇغاندىن كېيىن كۇچاغا يۆتكەپ «كۆك گۈمبەز» مازىرىغا دەپنە قىلىنغان. جەسەت يۆتكەش مۇراسىمىدا تۆگە بوتىلاقلىرىغا، ئات ـ قولۇنلىرىغا، كالا ـ موزايلىرىغا، قوي ـ قوزىلارغا ئاق رەختتىن يوپۇق يېپىپ، تاۋۇتنىڭ ئالدى ـ

كەينىدە ماتەمدارلار قاتارىدا ماڭغۇزغان. (شىنجاڭ تەزكى-
رىسى 1995-يىل 2-سان، 77-بەت). يۇقىرىدىكى ئاكا-
ئىنىلارنىڭ ۋەقەسى بىلەن مەھتىمىن ناپى ۋاڭ ۋەقەسى
ئارىدىكى 79 يىلغا قارىماي، ئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى ئاڭ
سەۋىيەنى، ئىچكى مەدەنىيەتنىڭ، دىنىي ئېتىقادنىڭ قانچى-
لىك دەرىجىدە نىمجان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

نەزىر دېگەن نېمە؟ نەزىر — سەدىقە مەنىسىدىكى
سۆز بولۇپ، ئاللانىڭ يولىدا ئاجىزنى قۇتۇلدۇرۇش دې-
مەكتۇر. ئۇنى «قۇرئان كەرىم»دە سەدىقە دەپ چۈشەن-
دۈرىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە مۇسىبەت بولۇپ، نەزىر-چىراغ
ئۆتكۈزسە، بىرەر سەۋەب بىلەن جىنازا نامىزىغا ياكى ھال
سوراپ پەتىگە كېلەلمىگەنلەرنى، ھەتتا ئۇلار يېقىن بۇرا-
دەرلىرى بولغان تەقدىردىمۇ چاقىرمايدۇ. ئەگەر نەزىر
چىن ئېتىقاد بىلەن قىلىنغان بولسا، خالىس، ئاللا يولىدا
بولۇشى كېرەك ئىدى، ئۇنى قانداق نەزىر سەدىقە دېيىش-
كە بولىدۇ. بۇ دامخورلۇق، باشقىلارغا ۋەزىپە ئارتىش،
ئەمما ساۋاب ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئەمەس.

بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇنلىغان پۇلدار كىشىلەر
مەسچىت سېلىش بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ دىنىمىز ئۈچۈن
شان-شەرەپلىك ئىشلاردۇر. يوپيورۇق، كەڭتاشا، گۈزەل
زىننەتلەنگەن مەسچىتلەر مۆمىنلەرنىڭ دىلىنى تېخىمۇ يو-
رۇتۇپ، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيالىق تۈيغۇلارنى ئويغىتىپ، ئې-
تىقادنى مۇستەھكەملەش ئامىلى بولۇشى ئەجەب ئەمەس.
مەككە مۇكەررەمدىكى «ئەل ھەرەم» مەسچىتىنى، مەدى-
نە مۇنەۋۋەردىكى «ئەبا سوفيان»، «سۇلتان ئەخمەت»،
«ئالتە مۇنار» مەسچىتلىرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىسى
ئۆزلىرىنىڭ تەڭداشسىز مېمارچىلىق ئۈلگىسى بىلەن
ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئالەمشۇمۇل نامايەندىلىرى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. ئەپسۇسكى ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان يەرلەردە
ئۇ دەرىجىدىكى تەنتەنە بىلەن ياسالغان مەسچىتلەر بولمى-
سىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق بولماقتا. ئەمما مەسچىت ياساۋاتقان
كىشىلەرنىڭ بەزىبىرلىرى ياكى مەسچىت قۇرۇلۇشىغا رەھ-
بەرلىك قىلغۇچىلار ئۆز نامىلىرى ياكى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ
نامىلىرىنى مەسچىت بىلەن مەڭگۈلەشتۈرۈپ ئېلىش ئۈچۈن
قىلىنغان ھەرىكەتلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇۋاتىمىز. ھەتتا
ئىدارە-جەمئىيەتنىڭ ۋىۋىسكىسىغا ئوخشاش نامىلارنى
يېزىپ مەسچىت پېشانىسىگە چاپلاپ قويغانلارمۇ يوق
ئەمەس. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن «بۇنىڭ ئىگىسى مەن» دې-
مەكچى.

ئىستانبۇلدىكى «ئالتە مۇنار» مەسچىتىنى ياساشتا
تۆۋەندىكىدەك ۋەقە يۈز بەرگەن.

سۇلتان ۋەزىرگە «ئالتۇن مۇنارلىق» مەسچىت يا-
ساشنى بۇيرۇغان. ۋەزىر بۇنىڭغا كېتىدىغان چىقىمنى ھې-
سابلاپ كۆرسە خەزىنە قۇرۇقدىلىنىپ، دۆلەت قەرزگە
ئۆچرىغۇدەك. ئامما ۋەزىر مەسچىت قۇرۇلۇشىنى باشلاپ-
تۇ. مەسچىت پۈتكەندىن كېيىن سۇلتان كېلىپ كۆرسە
ئالتۇن مۇنار ئەمەس، ئالتە مۇنار تۇرغۇدەك، ئۇ دەرغە-
زەپ بولۇپ:

— قېنى ئالتۇن مۇنار، — دەپتۇدەك ۋەزىرگە
قاراپ.

ۋەزىر:

— ئالىي جانابلىرى! مەن ئالتە مۇنار دەپ چۈشە-
نىپ قاپتىمەن. ئالتۇن مۇنار قويساق خەزىنە قۇرۇقدىلىپ
قېلىش ئېھتىمالىمۇ بار ئىدى، — دەپتۇدەك.

بۇ گەپتىن كېيىن ۋەزىرنىڭ ئەقلىگە، ساداقىتىگە
سۇلتان قايىل بولغانىكەن. شۇنداقتىمۇ ئادەم ئەقلىنىڭ
يۈكسەك تەنتەنىسى بولغان بۇ ئاجايىپ گۈزەل مەسچىتكە
سۇلتان ئۆزىنىڭ نامىنى قويۇشقا ئۇرۇنمىغان.

مەسچىت ئاللانىڭ دەرگاھى. مەسچىت بىلەن ئاللا-
نىڭ نامى چەمبەرچاس باغلانغان.

بۇ ھەرىكەت ئاللاغا شېرىكەتچىلىك قىلىشىدۇ: يەنى
مۇشرىكلىق.

«سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار شۈبھىسىز خىلمۇخىلدۇر.
(پۇل-مالنى ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان.
تەقۋادارلىق قىلىنغان... ئادەمگە كەلسەك ئۇنىڭغا بىز
ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز» دەيدۇ ئاللانىڭ
كالامىدا. (نىل سۈرىسى، 7-ئايەت).

«ئاللامۇ تەكەببۇر (يوغانچى) ماختانچاقنى ياقتۇر-
مايدۇ. ئۇلار ماللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن
سەرپ قىلىدۇ...» دېيىلگەن. (نىسا سۈرىسى 36-، 38-ئا-
يەتلەرنىڭ بىر قىسمى).

بەزىبىر مەسچىت سالغۇچىلارنىڭ، يە بولمىسا رەھ-
بەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا شۇ مەسچىتكە ئىمام بولۇ-
ۋېلىش، ئەڭ بولمىغاندا مۆتىۋەللى (خوجىلىق) بولۇۋې-
لىش، شۇنىڭدىن لوقما ئۆرۈپ يېيىش تاماسىدا يۈرگەنلەر-
مۇ ئاز ئەمەس، ھەتتا پۇل تېپىپ، بەزىبىر مەسچىتلەرنىڭ
بىلىملىك، ئىلغار مولللىرىنى قوغلىۋېتىپ مېھرابقا ئۆتتۈپ

ئالغانلارمۇ تېپىلىدۇ. شۇنداق مەنپەئەت ئوغرىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ناماز ئوقۇپ يۈرىمىز. مانا بۇ ئادەمنى ئېچىندۇرىدۇ. زۇمەر سۈرىسى 57-، 58-، 59-ئايەتلەردە ئاللا بەندىلىرىگە نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈرگەنلىكىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسەتكەن:

«ئادەم ئاللانىڭ تائىتىدە (ئىبادىتىدە) كەتكۈزۈپ قويغانلىقىغا ھەسرەت چېكىپ، مەنغۇ ئاللانىڭ شەرىئەت ۋە دىنىنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدىم، دەپ قالماسلىق ئۈچۈن ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا «كاشكى دۇنياغا قايتىشىمغا بولسا ئىدى. ئۇ چاغدا ئاللاغا ئېتىقاد قىلىپ، ياخشىلاردىن بولار ئىدىم، دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن پەرۋەردىگارىغا بويسۇنسۇن دەپ ھەقىقەت سائىتى مېنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن دۇرۇس ئايەتلىرىم (يەنى ھىدايەتكە سەۋەب بولغان قۇرئان) كەلدى» دەپ ئاللا ئۆز بەندىلىرىنىڭ ياخشىلىققا مېڭىش توغرا يولىنى كۆرسەتكەن تۇرسا، يۇقىرىقىلار مېھرابتا ئولتۇرۇپ، ئاشۇ «قۇرئان كەرىم»نى ئەسلەپ قويامدۇ؟

«قۇرئان كەرىم»دە «ئاللا ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر. مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (يەنى بەندىلىرىگە ھەرەج بولماسلىقى ئۈچۈن ئىبادەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر» (نىسا سۈرىسى 43-ئايەت).

«ئاللا ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا دەۋەت قىلمايدۇ» (بەقەر سۈرىسى 286-ئايەت).

«ئاللا ئاللانىڭ كالامىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىلارنى تەختى راۋاقتا ئولتۇرۇپ گېدەيگەن پېتى ئەمەس، يە بولمىسا نادانلارنى ئالداش بىلەن ئەمەس، جاپا-مۇشەققەت تارتىپ ئاللا ھەقىقىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ» دەپ بىلىدۇ.

«... (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن. يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتنى قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردۇر». (لوقمان سۈرىسى 17-ئايەت).

مەن بىر كۈنى سورۇندا بىر قارى بىلەن سۆھبەتتە بولۇپ قالدىم. (ئۇ كىشى ھازىر ۋاپات بولۇپ كەتتى) مەن ئۇ كىشىدىن:

— سىلى تەلىمنى كىمدىن ئالغان؟ — دەپ سورىۋېدىم، ئۇ كىشى:

— ئاتامدىن، — دەپ جاۋاب بەردى، — ئاتام قۇرئاندىن 12 پارە يادا ئالدۇرۇپ، ئاندىن نېمىنىڭ تېپىپ يەيسەن، دەپ دۇئا بەرگەن، — دەيدۇ، بۇ كىشىنىڭ دادىسى نامى بار قارىلاردىن ئىدى.

مەن بۇ ئادەمنىڭ ۋە دادىسىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئوچۇقتىن-ئوچۇق جان بېقىش ۋاستىسى قىلىۋالغانلىقىغا ھەيران قالدىم. ئۆيدە ئولتۇرغانلار:

— بۇ قالتىسكەن، پەردىلەپ ئولتۇرمايدىكەن، — دېيىشتى، كۈلۈشتى.

مۇسۇلمانلار ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش قەدىمىنى بېسىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا سۈپىرىمىنىڭ قالدۇقلىرى بىخ ئۇرۇپ، باش كۆتۈرۈپ چىقماقتا. ماتەمدارلار ساقال-بۇرۇتىنى قىرمايدىغان، ماتەم كۈنى بېلىگە باغلاشنىڭ ئورنىغا تۇماق، شىلەپىلىرىگە سەللە ئوراش بىلەن ئىسلامدا، ئۆرپ-ئادەتتە يوق قىلىقلارنى چىقارماقتا. بۇرۇن مەھەللىدە بىر كىشى ۋاپات بولسا كىر يۇمايدىغان، ئاياللار چاچ تارىمايدىغان، ئەقلىدىن تاشقىرى ئادەتلەر بولىدىغان، ئۇلار بۇ قائىدىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام دەپ چۈشەنگەن. نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئىسلامغا خۇنۇك ئۆرپ-ئادەت ئارىلىشىپ كەتكەن. بۈگۈن ئۇيغۇرلار ئىلىم-پەن، ئىسلام نۇرىدا دىللىرىنى يورۇتۇشنىڭ ئورنىغا يەنە خۇراپاتلىققا يۈز تۇتۇپ ئۆزلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرمەكتە. ئۇلار قۇرۇپ كەتكەن دەرەخكە يەنە دەرەخنى ئۇلاپ كۆكلەتمەكچى بولىدۇ... ھېچكىم يېڭى كۆينەكنى يىرتىپ كونا كۆينەككە ياماقچى قىلمايدۇ. ئۇنداق قىلسا يېڭى كۆينەكمۇ يىرتىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش كونىلىققا قايتىش يېڭى دەۋر ئىدىيەنى ۋەيران قىلىش بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ تەرىقىدە ئىسلامغا ياندىشىش ئاپپاق خوجا دەۋرىنى ئاسانلا باشلاپ كەلگەنلىك بولىدۇ. ئاپپاق خوجا «ئەۋلىيالىق تەختىنى» خۇراپات ئۈستىگە تىكلىگەن ئەمەسمۇ؟

«ھەر ئادەم ئەتە ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن» دەيدۇ. (ھەشر سۈرىسى 18-ئايەت).

ئەتە ئۈچۈن (ئاخىرەت ئۈچۈن) ھېچ نېمە تەييارلىمىغانلار ياكى ئاپپاق خوجىنى ئاللاغا ۋاستە قىلغۇچىلار ئۇنىڭ مازارىغا بېرىپ، يىغلاپ تۇرۇپ، مازار تاملىرىنى يالاپ، خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئىشىك ئېچىپ بېرىشنى تىلەيدۇ. ئۇلار ئويلىمايدۇكى، ئاپپاق خوجا شۇ دەرگاھقا ئۆزى كىرەلەمدۇ-يوق؟

دىنىنى تۇمانلاشتۇرىدىغان، خەلقنى قالاقلىققا باشلايدىغان ئادەملەرنى «قۇرئان كەرىم»دە: «كاززاپلارغا لەنەت بولسۇنكى، ئۇلار جاھالەتكە چۆمگەن بولۇپ (ئاخىرەت ئىشىدىن) غەپلەتتەدۇر» دېيىلگەن. (زارىيات سۈرىسى 10-، 11-ئايەتلەر).

بەندىدە خۇراپاتلىق، يەنى روھى پاسكىنىچىلىق بار ئىكەن، ئاللا ئىنسان بىلەن، ئىنسان ئاللا بىلەن قانداقمۇ بىللە بولالىسۇن.

بەزى ئىنسانلار ئەسلىدە يېقىن قېرىنداشلاردىن، ئەڭ دەسلەپكى ئادەملەر ئاتىسىز، قالاق بولسىمۇ، بىللە ياشاپ بىللە يەپ، شاد-خۇرام ئۆتىدىكەن. ئۇلاردا سېنىڭ، مېنىڭ دېگەن گەپ بولمىغان. ئەمما تەرەققىيات ئۇلارنى تاش نەيزىلەردىن ئوقيالارغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئۆز، يات دېگەن تەرىقچىلىك ئوتى ئۇلغىيىپ، بىر-بىرىنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئېتىقاد 1000 غا پارچىلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ پارچىلانغان دىللىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاللانىڭ كالامىنى ئېلىپ پەيغەمبەر كەلدى.

«زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەبرى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم زىيان تارتىدۇ» (ئەسر سۈرىسى).

چۈنكى ئۇلار بىر-بىرى بىلەن قېرىنداش بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر-بىرىدىن ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ئۇلار دائىم بىر-بىرىگە گۇمانخورلۇق قىلىدۇ، ئۆزلىرىگە پايدا كەلتۈرگەنلەرنىلا دوست-بۇرادەر دەپ ھېسابلايدۇ.

ئۇنداقلار باشقىلارنىڭ يامانلىقىنى سۆزلەپ، غەيۋىتىنى قىلىدۇ، گويا ئۆزلىرى تەلتۆكۈس ئادەمدەك.

بۇرۇن ئاياللارنى غەيۋەتخورلۇقتا ئەيىبلەيتتۇق. ئۇ چاغلاردا بىچارە ئاياللار ئۈچ تۆتى بىر يەردە باش قوشۇپ كۆڭلىنى ئاۋۇتمىسا، ئۇلارغا باشقا دىل ئارامى يوق ئىدى. ئۇلار تالا-تۈزگە ئەركىن چىقالمايتتى، ئىلىم-پەن دەرگاھلىرىغا قەدەم باسالمايتتى. كىنو، تىياتىر دېگەنلەردىن گەپ ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇتەئەسسىپلەر بۇ ئىشلارنى «نامەھرەم» دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەن مەنئى قىلغان. لېكىن ئۇ نامەھرەمنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى بىلەن ئۇلارنىڭ كارى بولمىغان.

ھىجرىيەنىڭ 5-يىلى (مىلادىيە 586-يىل) يۈزنى يېپىش توغرۇلۇق ئايەت نازىل بولدى. يۈزنى يېپىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللارغا ۋە مۆمىن ئاياللارغىلا خاس ئىدى...

بۇ توغرۇلۇق دەسلەپتە: «پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سورىغان ۋاقتىڭلاردا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ سوراڭلار، مۇنداق قىلىش ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى پاك تۇتىدۇ» دېيىلگەن. (ئەفزەن سۈرىسى، 53-ئايەت).

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئاياللار جاھىلىيەت (ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامغا كىرمىگەن ۋاقتى) دەۋرىدىكىدەك بىر كۆڭلەك ۋە بىر لېچەك بىلەنلا تالاغا چىقاتتى. ئازاد ئايال بىلەن دېدەكنىڭ پەرقى يوق. دېدەكلەر كېچىسى تالاغا ھاجەتكە چىققان چاغلىرىدا ئۇلارغا ياش كىشىلەر ۋە شوخ يىگىتلەر چېقىلىپ قوياتتى. شۇ قاتارى ئازاد ئاياللارغىمۇ دېدەكمىكىن دەپ چېقىلىپ قوياتتى. ئاشۇ دېدەكلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئازاد ئاياللارغا لېچەك سېلىپ يۈزلىرىنى ۋە ساغرىسىنى يېپىپ يۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئاللا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ.

«ئەي پەيغەمبەر! ئاياللىرى، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنچە بىلەن بەدىنىنى ئورۇۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئايال ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ-دە باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ...» (ئەفزەن سۈرىسى، 59-ئايەت).

كېيىن بۇ مەسىلە ھەر تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن شاخلىنىپ ئەۋجىگە چىقىپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ئاياللار ئەركىن دۇنيادىن مەھرۇم بولۇشقا باشلىدى ھەم ئۆيىگە سولىنىپ قالدى ۋە تاماق ئېتىشتىن، كىر يۇيۇشتىن، بالا تۇغۇپ، بالا بېقىشتىن، ئەر كۈتۈشتىن باشقىغا ئەركى يوق بولغانلىقتىن، ئىچ پۇشقى قىلىپ خوتۇنلار ئۆزلىرىچە «جاھان كەشتىچىلىك» قىلاتتى. ئۇلارنى ھايات شۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە غەيۋەتخورلۇق ئەرلەرگە ئۆتۈپ كەتتى ۋە تەرەققىي قىلىپ، پىتنە-پاسات، ئىغۋاگەرلىك دېگەن شەھەرمۇشەھەر، مەھەللىمۇمەھەللە يامرىماقتا. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرگە ئەمەلىي ئىش ھەرىكىتى بىلەن ئەمەس بايىقى غەيۋەتشىكايەتلەر ئاساسىدا باھا بېرىلمەكتە. ئارىغا تەپرىقە چۈشۈپ خەلقىمىزنىڭ ئىچىدە ئىتتىپاقلىق بۇزۇلماقتا. ئەركەكلەرنىڭ ئەركەك دېگەن نامىغا ياراشمايدىغان بۇ ئەھۋالنى سەزگەن تالانتلىق شائىرە راھىلە ھاپىزنىۋا «سىزنى كۆرۈپ» دېگەن شېئىردا:

ھەقىقەتنى ئىزدىسەڭمىز قىرقىغا يېرىلىڭ قىلنى،
لېكىن ئەركەك ئىشى ئەمەس قىل سۇغىرىش خېمىردىن.
قۇتقۇزۇلۇڭ سىز تاغ باغرىدا تاش بېسىپ ياتقان گۈلنى.
شۇنىڭ ئۈچۈن يارالغانمۇ ئەربىلىكى تومۇردىن دەيدۇ.

ئانا شائىرنىڭ بۇ بىر كۇپلېت شېئىرى ھەر بىرىمىزنىڭ نومۇسىنى قوزغايدۇ دەپ ئويلايمەن.

ئاللا ئۆز كالامىدا غەيۋەت توغرۇلۇق ئالاھىدە ئەسكەرتكەن ئىدى. «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر؟...» (ھۇجۇرات سۈرىسى 12 ـ ئايەت).

بۇ غەيۋەتنىڭ زىيادە قەبىھ ئىكەنلىكىگە مىسال، يەنى غەيۋەت قىلىش قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېگەن بىلەن باراۋەر دېمەكتۇر.

ئاللا يەنە ئۆز كالامىدا:

«ئەي مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەستىن) بىرەر قوۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئۇ خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار» دەيدۇ. (ھۇجۇرات سۈرىسى 16 ـ ئايەت).

بەزىلىرىمىز ھېچ نەرسىگە توغرا قاراپ خۇلاسە چىقىرالماس، قېتىرقىنىپ ئۆگەنمەس بولۇپ كەتتۇق. شۇڭلاشقا ساختا خوجىلارنىڭ ئامىتى كېلىپ، شۇ يەردىن مەنپەئەتلەنمەكتە. مىللىتىمىزدە ئۆلغارلىق بولماي تۇرۇپ، بىلىملىك ئۆلغار دىنىي ئەربابلار يېتىشىپ چىقماي تۇرۇپ نادانلىق پاتقىقىدىن ئۈزۈلۈپ چىقالمايمىز.

ئەزەلدىن نادانلار پەن بىلەن دىننى قارىمۇ قارشى قويۇپ كەلگەن. چۈنكى ئۇلار قۇرئاندىكى ھېكمەتلەرگە چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن، يە بولمىسا شۇ دىنىي زاتلارنىڭ خەلقنىڭ نادانلىقىدىن بەھرى ئالغانلىقىدىن بۇنداق قارىمۇقارشىلىق كېلىپ چىققان. شۇڭلاشقا پەنگە بېرىلگەنلەرنى «دەھرى» (دىنسىز) ئاتاپ، ئوقۇغانلار دىنسىز بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئىلىمنى توسىغان. مۇشۇنداق قاراڭغۇلۇقتىن قالغان قارا پىكىرلەرنى ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر زات نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتوف (ئۇيغۇر بالىسى) ئۆزىنىڭ قەشقەرىيەگە قىلغان سەپىرىدە ئۇچرىغان بىر ۋەقە بىلەن ئېيتىپ بېرىدۇ. «بىز مۇز ئارتىدىن ئۆتۈپ تاغ ئېغىزىدىكى قورغاندىن چىقتۇق ۋە قىزىل بۇلاق دېگەن يەرگە يەتتۇق. بۇ يەردە مەكتەپ بولمىسىمۇ، بىر خانىقا بار ئىكەن، «بىز ئاخىرەت ئادەملىرى بولغىنىمىز ئۈچۈن دۇنيا مەكتىپى نېمە لازىم بولار، دېدى ساھىبخان» دەپ يازىدۇ ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە.

«شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار شۇنچىلىك قالاقلىشىپ كەتكەنكى، خېلى كۆپ ساندىكىلەر ئۆز مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر دېگەن نامىنى توغرا ئېيتالماي (ئۇرغۇي) دەپ يۈرىدۇ» يەرلىك بىر ئۇيغۇردىن:

— سەن كىم؟ دەپ سورىساڭ قىلچە ئىككىلەنمەي قەشقەرلىك ياكى خوتەنلىك، دەپ جاۋاب بېرىدۇ، — دەيدۇ.

— ئۇ دېگەن يەر جاي نامىغۇ، — دېسەڭ ئۇ ھامان:

— مەن مۇسۇلمان، — دەيدۇ.

— ياق مەن دىنىڭنى سورىمىدىم، — دېسەڭ ئۇ ھودۇقۇپ:

— مەن چەنتۇ، — دەيدۇ... دېمەك ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ» (ئۇيغۇر بالىسى، «ئالتە شەھەر خاتىرىسى») مەزكۇر مەسىلىلەر ئۆتمۈشتىن ئېلىنغان بىلەن بۈگۈنكى كۈننىڭ ئالاقىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سەۋەبى بىر ژۇرنالىست ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ماقالە يېزىپ ياكى بىر ناتىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە سۆزلىسە، ئۇ «بىز خەلق» دېگەندىن باشلاپ ئاخىر يەنە «بىز خەلق» بىلەن تۈگىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىللىتىمىزنىڭ نامى «بىز خەلق» بولۇپ قالىدۇ.

مەرىپەت بولماي، ئىلىم بولماي ئاللانى تونۇشىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم دىلغا مۇقىم ئورنىشى كېرەك. مۇقىم ئورناشتى دېگىنىمىز مۇتەئەسسىپلىك بولمىغان ئەمەل ئىلىمدۇر، ئەمەل ئىلىم دېگەن چىن ئېتىقاد مەھسۇلى.

ئاللا ئۆز كالامىدا ئوقۇش، بىلىش ھەققىدە ناھايىتى نۇرغۇن ئايەتلەرنى كەلتۈرگەن. بەندىلىرىنىڭ بىلىملىك بولۇشنى، بىلگەن ئادەمنىڭ بىر نەرسىنى تېگى ـ تەكتىدىن چۈشىنىدىغانلىقىنى ھېكمەتلىرىدە بايان قىلىپ ئوقۇشنى تەكىتلىگەن.

(داۋامى بار)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇللا ئىبراھىم
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلەت ئابدۇللا
(ئىلى خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ پېنسيونېرى)



# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۆشۈك جابدۇق مەدەنىيىتى

ئابدۇخېلىل مىرخېلىل



(بېشى ئالدىنقىساندا)

**داغلۇغا** — داغلۇغا ئاساسەن مىس، تۇچ، ئاليۇمىن قاتارلىق يەڭگىلرەك مېتاللاردىن ئۈستى دۈگىلەك، ئاستى كاپاك شەكلىدە تۇتقۇچ چىقىرىپ ياسىلىدىغان كىچىكرەك قازانچاق بولۇپ، ئومۇمەن تۈرلۈك قورۇما قورۇش ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان تۆشۈك جابدۇقدۇر.

**كاۋاپدان** — كاۋاپدان مەخسۇس كاۋاپ پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئاساسەن قەلەي تۆمۈردىن ياسىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقلىرىمىزنىڭ بىرى. خەلقىمىزنىڭ دۇنياغا مەشھۇر تائاملىرى ئىچىدە كاۋاپنىڭ شۆھرىتى ئالاھىدە بولغاچقا، خەلقىمىز كاۋاپدان ياساشقىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. كاۋاپداننىڭ تۈرلىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، بىز بۇ يەردە ئادەتتىكى كاۋاپداننىڭ ياسىلىشى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىمىز. ئاۋۋال قەلەي تۆمۈر ئاستى تەرىپى نىسبەتەن تار، ئۈستى تەرىپى يايپاڭراق قىلىنىپ، مۇئەييەن ئۆلچەم بويىچە 18 – 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئېرىقچە ھالىتىدە راسلىنىپ، بىر بېشى پۈتەي ئېتىلىپ، يەنە بىر بېشىغا چوغ دۈگىلاش ۋە چاي قاينىتىش ئۈچۈن كاۋاپدانغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان

ئاساستا ئوچاق ياسىلىدۇ. ئاندىن كاۋاپدان ئىچىگە
ئىسسىز ئوتتۇن ۋە كۆمۈر كۈلىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى
ئۈچۈن شالا بېكىتىلىدۇ، كاۋاپدان تېگىگە ئەمەلىي ئەھۋال-
غا قاراپ تۈرلۈك ئۆلچەمدىكى پۇتلۇق بېكىتىلىدۇ.

**زىخ** ــ زىخ ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئىشلى-
رىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغان يەنە بىر تۆشۈك جابدۇ-
قىدۇر. زىخ تونۇر كاۋىپى زىخى ۋە كاۋاپدان كاۋىپى
زىخى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئىلگىرى ئەجدادلىرى-
مىز يۇلغۇن، توغراق، سېرىق سۆگەت، جىگدە، تېۋىلغا،
ئىرغاي قاتارلىق ياغاچلارنىڭ پىشقان تېلىنى زىخ ئورنىدا
ئىشلىتىپ، تۈرلۈك خۇرۇچلۇق كاۋاپلارنى پىشۇرۇپ ئىس-
تېمال قىلغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئەجدادلىرىمىز-
نىڭ ئارپۇچ دېگەن دەرەخ نوتىلىرىدىن زىخ ياساپ
كاۋاپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بىز
بۇنىڭدىن زىخنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى بىلەن ئايرىم تۈر-
دىكى ياغاچلارنىڭ نوتىلىرىنى زىخ ئورنىدا ئىشلەتكەنلىكى-
نى كۆرۈۋالالايمىز. هازىرمۇ چوڭراق رېستوران ياكى ئا-
رامگاھلاردا يۇلغۇن، توغراق، سېرىق سۆگەت، جىگدە،
تېۋىلغا، ئىرغاي قاتارلىق ياغاچلارنىڭ پىشقان تېلىنى زىخ
ئورنىدا ئىشلىتىپ پىشۇرۇلغان تۈرلۈك خۇرۇچلۇق كاۋاپ-
لار شۇ ئورۇنلارنىڭ ئالاھىدە يېمەكلىكى سۈپىتىدە ئىستې-
مال قىلىنماقتا.

**قورۇما قاچىسى** ــ قورۇما قاچىسى ياغاچتىن
ئويۇپ ياسىلىدىغان كوراسىمان بۇيۇم بولۇپ، ئاساسەن
لەڭمەن قورۇمىسى، كەسمە چۆپ قورۇمىسى، چۆپ ئاش
قورۇمىسى، زاڭ قورۇمىسى قاتارلىقلارنى ئېلىپ قويۇشتا
ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقىدۇر. ئىلگىرى ئەجدادلى-
رىمىز قورۇما كورىسىنى ياغاچتىن ئويۇپ، يونۇپ، قىرىپ
ياساپ ئىشلەتكەن.

**پۇتلۇق (داڭقان)** ــ داڭقان چىدامىلىق ياغاچ راي-
كىلىرى چەمبەر شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، تېگى تەرپىنىڭ
ئۈچ يېرىگە مۇئەييەن ئۆلچەم بويىچە 30 سانتىمېتىر ئۇ-
زۇنلۇقتا پۇت بېكىتىپ ياسىلىدىغان ئاددىي تۆشۈك جاب-
دۇقى بولۇپ، ئاساسەن تاماق پىشقاندىن كېيىن قازاننى
چۈشۈرۈپ قويۇپ قويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كىچىك پالتا** ــ كىچىك پالتا ئاساسەن ئۇستىخاند-
لىق گۆشلەرنى پارچىلاش، كاللا-پاچاق ئۇكلىگەندە
قوي، كالا، ئات، تۆگە قاتارلىق جاندارلارنىڭ چىشنى
چېقىش، تۇيۇقنى ئاجرىتىش، پۈتۈن ھالەتتە پىشۇرۇلغان
قوي، كالا، تۆگە كاۋىپىنى پارچىلاش قاتارلىق ئىشلاردا
ئىشلىنىدىغان ئەمگەك قورالى تىپىدىكى تۆشۈك جابدۇق-
دۇر.

**تۇز قاپىقى** ــ تۇز قاپىقى ئاساسەن بوغما قاپاق
تاكى يوغانراق چۈشكەن قاپاق چۆمۈچىنىڭ باش تەرىپى
مەلۇم ئۆلچەمدە كېسىلىپ، ئىچىدىكى لەشلەر پاكىز تازىلى-
نىپ، ئاۋۋال ئاش سۈيىدە بىرەر قۇر قاينىتىلىپ، ئاندىن
قىزىق مايدا پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. قاپاق ئۆسۈملۈكتىن
چۈشىدىغان تەبىئىي مەھسۇلاتتىن قىلىنىدىغان تۆشۈك بۇ-
يۇمى بولغاچقا، تەننەرخى ئەرزان، ئىشلىتىشكە ئەپلىك
بولغاندىن سىرت، ئەڭ مۇھىمى، سېلىپ قويغان تۇزنىڭ
سۈپىتىنى هازىر ئىشلىتىلىۋاتقان تۇز سالغۇچلىرىدەك ئۆز-
گەرتىۋەتمەيدۇ، تۇز قاپىقىدا تۇزنى قۇرۇق ۋە ئۆز سۈپى-
تىنى ئۇزاقىچە ئۆزگەرتمەي ساقلىغىلى بولىدۇ.

**چوكا سالغۇچ** ــ چوكا سالغۇچ تاماق يېيىش
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چوكا، قوشۇقلارنى پاكىز ساقلاش
رولىغا ئىگە بولغان ئالاھىدە تۆشۈك جابدۇقلىرىمىزنىڭ
بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلار يېمەك-ئىچمەك ئەمەلىيىتىدە
كەم بولسا بولمايدىغان جابدۇقتۇر. چوكا سالغۇچنى ئىل-
گىرى ئەجدادلىرىمىز ياغاچتىن ياساپ ئىشلەتكەن. هازىر
ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز ئىشلەتكەن ياغاچ ماتېرىياللىق
چوكا سالغۇچلار تۆمۈر، تۇنىكە، سۇلياۋدىن ياسالغان
چوكا سالغۇچلارغا ئورۇن بوشاتتى. چەت-ياقا سەھرالار-
دا ياشايدىغان قېرى موماي-بوۋايلارنىڭ غېرىبخانىلىرى-
دىن تاپقىلى بولمىسا، شەھەرلەشكەن، شەھەرگە يېقىن ئو-
رۇنلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ ئۆيىدىن تاپقىلى
بولمايدۇ.

**ياغاچ ئاياق** ــ ياغاچ ئاياق ياغاچتىن ئويۇپ ۋە
قىرىپ ياسىلىدىغان، ئىچى چوڭقۇرراق كەلگەن گىرۋەك-
لىك چوڭ-كىچىك قاچىلارنى كۆرسىتىدۇ. ياغاچ ئاياقلار
ياسىلىش ئالاھىدىكىگە قاراپ چوڭ گىرۋەكلىك، ئارا گىر-
ۋەكلىك ۋە كىچىك گىرۋەكلىك ۋە گىرۋەكسىز ئاياق
دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاساسەن ياڭاق، چىلان، قارا
سۆگەت، ئۆرۈك، تاغ تېرىكى، كىگىز تېرەك، توغراق،
قېيىن، جىگدە، شاپتۇل قاتارلىقلارنىڭ ياغاچلىرىنى
يونۇش، چېپىش ئارقىلىق يۇملاق شەكىلگە كەلتۈرۈپ،
ئاندىن ئىچى-تېشى سىلىق-سىپتا قىرىپ ياسىلىدۇ. ياغاچ

ئاياق تەبىئىي، زىيانسىز مەھسۇلات بولغانلىقى ئۈچۈن،
ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا ياغاچ ئاياقلارنى ياساپ
يېمەك-ئىچمەك ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن، خەلقىمىز تۆشۈك
ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن ياغاچ ئاياقلاردىن پىلتىدان، تەلەڭ-
گە، تاماق قاچىسى، تەڭنە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش
مۇمكىن.

پىلتىدان ــ مەخسۇس لەگمەن پىلتىسىنى تىندۇ-
رۇش، پىشۇرۇلغان تاماق چۆپىنى ئېلىپ قويۇش قاتارلىق
ئىشلاردا ئىشلىنىدىغان تۆشۈك جابدۇقى بولۇپ، ئاسا-
سەن ياڭاق، چىلان، قارا سۆگەت، ئۆرۈك، تاغ تېرىكى،
كىگىز تېرەك، توغراق، قىين، جىگدە ، شاپتۇل قاتارلىق-
لارنىڭ ياغاچلىرىنى يۇنۇش، چېپىش ئارقىلىق يۇملاق
شەكىلگە كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئىچى-تېشى سىلىق-سىپتا
قىرىپ ياسىلىدۇ. پىلتىداننىڭ چوڭلۇقى ئارا لېگەن چوڭلۇ-
قىدا بولۇپ، ئىچى چوڭقۇرراق ھەم ئويپاڭراق ئويۇلۇپ،
تېگىدىن دۈگىلەك تەگلىك چىقىرىلىدۇ. ئۈستىگە ئۆزىگە
لايىقلاشتۇرۇپ قاپقاق ياسىلىدۇ. قاپقاقنىڭ ياسىلىشى چى-
رايلىق ۋە كۆركەم بولۇپ، پىلتىدانغا ھەم يېپىلىشى
ئۈچۈن، پىلتىدان بىلەن قاپقاق قانۇنىيەتلىك ھالدا ماس-
لاشتۇرۇلىدۇ. ياغاچ پىلتىداندا ئاش خېمىرى ئاسان تىنى-
دۇ، قېرىۋالمايدۇ. سوزۇلغان ئاش تەكشى ۋە سوزۇلۇش-
چانلىقى ئىگە قىلىنىدۇ.

تەلەڭگە ــ تەلەڭگە سۇزۇلگەن تاماق چۆپىنى
ئېلىپ قويۇش، پولۇ، مانتا، ئۆپكە-ھېسىپ، نارىن،
گۆشنان توغرامچىسى، يالاڭ ھېسىپ، داغلىما مانتا، تۇگۈر
قاتارلىق ئوپچە يېيىلىدىغان تاماقلارنى ئۇسسۇش ئىشلىرى-
دا ئىشلىتىلىدۇ. تەلەڭگە دۈگىلەك ۋە ئېلىلىپس شەكىلدە
ياسىلىدۇ. تەلەڭگە ئاساسەن ياڭاق، چىلان، قارا سۆگەت،
ئۆرۈك، تاغ تېرىكى، كىگىز تېرەك، توغراق، قىين،
جىگدە، شاپتۇل قاتارلىقلارنىڭ ياغاچلىرىنى يۇنۇش،
چېپىش ئارقىلىق يۇملاق ياكى ئېلىلىپس شەكىلگە كەلتۈ-
رۈلۈپ، ئىچى تېيىز، ياپپاڭراق ئويۇلۇپ، كىچىك
گىرۋەك چىقىرىلىپ، ئاستى تەرىپىگە تەگلىك قويۇلۇپ،
قىرىپ سىلىقلاپ ياسىلىدۇ. ئېلىلىپس شەكىللىك تەلەڭگە-
نىڭ ئىچمۇ تېيىز ياپپاڭراق ئويۇلۇپ، گىرۋەكسىز ياسىلى-
دۇ. ئاستى تەرىپىگە تەگلىك قويۇلۇپ ياسىلىدۇ. ئېلىلىپس
شەكىلدە ياسالغان تەلەڭگىلەر مېھمانلارغا چاي سۇنۇش،
تاماق سۇنۇش، مېۋە-چېۋە تىزىش قاتارلىق ئىشلاردا
ئىشلىتىلىدۇ.

تاماق قاچىسى ــ تاماق قاچىسى يېمەك-ئىچمەك
ئىشلىرىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىم
تۆشۈك جابدۇقىمىزدۇر. تاماق قاچىسىنىڭ رولى ناھايىتى
چوڭ بولۇپ، تەييارلانغان تاماقلارنى بىمالال يېيىشىمىز-
نى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز تاماق
يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قاچىلارنى ياڭاق، چىلان،
قارا سۆگەت، ئۆرۈك، تاغ تېرىكى، كىگىز تېرەك،
توغراق، قىين، جىگدە، شاپتۇل قاتارلىقلارنىڭ ياغىچىدىن
ئويۇپ، يونۇپ، قىرىپ ياساپ ئىشلەتكەن. ياغاچ قاچى-
لاردا تاماق يېگەندە تاماق تېز سوۋۇيدۇ، قولنى ۋە ئې-
غىزنى كۆيدۈرۈۋېلىشتىن ساقلايدۇ، سۇنمايدۇ ھەم زىيان-
سىز بولۇپ، تاماقنى لەززەتلىك بىلەن يېيىشنى ئىشقا ئاشۇر-
غىلى بولىدۇ.

تەڭنە ــ تەڭنە ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئىش-
لىرىدا ئىشلىنىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ سالماقنى ئىگە-
لەيدىغان تۆشۈك جابدۇقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن
خېمىردا بولىدىغان بارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ خېمىرىنى يۇ-
غۇرۇش، مايدا پىشقان يېمەكلىكلەرنى سوۋۇتۇش، ئۆپكە
قانسىرىتىش، ئۆپكە قويۇش، ئۆپكىگە قۇيۇلىدىغان تۇزنى
تەڭشەش، مۇھىم مەرىكىلەردە گۈرۈچ يۇيۇش، خام ۋە
پىشقان گۆشلەرنى ئېلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ.
تەڭنە شەكىل جەھەتتىن ئېلىلىپس شەكىللىك بولۇپ، ئىش-
لىتىلىش ئەھۋالىغا قاراپ ئاش تەڭنىسى ۋە نان تەڭنىسى
دەپ ئىككى تۈرگە؛ ياسىلىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ چوڭ
گىرۋەكلىك، ئارا گىرۋەكلىك، كىچىك گىرۋەكلىك ۋە
گىرۋەكسىز ئاياغ دەپ تۆت تۈرگە؛ تۈرقىغا قاراپ چوڭ
تەڭنە، ئارا تەڭنە ۋە كىچىك تەڭنە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆ-
لۈنىدۇ. تەڭنە ئاساسەن قارا سۆگەت، تاغ تېرىكى، كىگىز
تېرەك، توغراق قاتارلىقلارنىڭ ياغاچلىرىنى يونۇش،
چېپىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئېلىلىپس شەكىللىك تەڭنە يا-
سىلىش ئەھۋالىغا قاراپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ياغاچلار-
نىڭ كۆتىكىدىن ئىچى نىسبەتەن چوڭقۇرراق، يانلىرى
ياپپاڭ، تېگى تۆت چاسا، سىرتىنىڭ تۆت تەرىپى يۇقىرى-
دىن تۆۋەنگە يانتۇ چېپىپ چۈشۈرۈلۈپ، تېگىگە تۆت
چاسا تەگلىك چىقىرىلغان ۋە ئەڭ ئۈستى قىسمىغا ئەھۋالغا
قاراپ گىرۋەك چىقىرىلغان ھالەتتە ياسىلىدۇ.

كەپكۈر ــ كەپكۈر مەخسۇس پولۇ ئېتىشتە ئىشلىنى-
دىغان تۆشۈك جابدۇقى بولۇپ، ئاساسەن مىس،
تۆمۈر، ئاليۇمىن قاتارلىق مېتاللاردىن ياسىلىدۇ. ئىلگىرى

ئەجدادلىرىمىز چىداملىقى كۈچلۈك ياغاچلاردىن كەپكۈر
ياساپ ئىشلەتكەن. ھازىر بۇنداق ياغاچ كەپكۈرلەر ئاسا-
سەن يوقالدى. كەپكۈر ياساشتا ئالدى بىلەن چىدامچانلى-
قى كۈچلۈك، تالاسى زىچ ياغاچ پىنى ياسىلىدىغان كەپ-
كۈرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ تاللىنىدۇ. ئاندىن
ياغاچ ئويۇش ۋە يونۇش ئەسۋابلىرى بىلەن باش تەرىپى
ياي دۈگىلەك ھالەتتە يالپاق يونۇلۇپ، يونۇلغان باش
قىسمىدىن ئۇششاق تۆشۈكچىلەر ئېچىلىپ، باش قىسمىدىن
باشلاپ ئاخىرىغىچە ئۇزۇن دەستە چىقىرىلىدۇ. كەپكۈرگە
ھەر خىل نەقىش ۋە شەكىللەر چىقىرىلىپ، ھەقىقىي بىر
سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. تەبىئىي ياغاچ كەپكۈر-
دە ئىشلىگەن پولۇ ئالاھىدە تەملىك ھەم يېيىشلىك بولۇپ،
ھېچقانداق ئەكس تەسىرى بولمايدۇ.

**يەڭلىك** — مەخسۇس نان يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلى-
دىغان تۆشۈك جابدۇقىدۇر. يەڭلىكنىڭ يەنە بىر نامى
گەزنە دەپ ئاتىلىدۇ. يەڭلىك چوڭ يەڭلىك ۋە كىچىك
يەڭلىك دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. چوڭ يەڭلىكتە چوڭ
نان، كىچىك يەڭلىكتە توقاچ يېقىلىدۇ. يەڭلىك ياساش
ئۈچۈن ئالدى بىلەن توقۇلۇشى پۇختا، كىر كۆتۈرۈشچان-
لىقى ئىگە پاختا رەختتىن يەڭلىك قېپى تىكىلىدۇ. يەڭلىك
قېپىنىڭ ئالدى يۈزلۈكى ئادەتتىكى رەختتىن، كەينى يۈز-
لۈكى قېلىنراق رەختلەردىن ياكى كاناپ رەخت، پالاس
پارچىسى قاتارلىقلاردىن تىكىلىپ، يەڭلىكنىڭ تۈتۈش ئور-
نىغا قول پاتقۇدەك قىلىپ، بارماقسىز پەلەي شەكلىدە
بوشلۇق ئېچىلىدۇ. مۇنداق قىلغاندا نان ياققۇچىنىڭ قول
دۈمبىسى ئوت بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ كۆيۈپ كېتىش-
تىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئاندىن قارا ياغاچ ياكى سۆگەت
تېلىدىن 30 — 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا دۈگىلەك قاسقان
توقۇلىدۇ. بۇلار پۈتكەندىن كېيىن توقۇلما قاسقان يەڭلىك
قېپى ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئاز مىقداردا زىغىر ياكى
بۇغداي پاخلى سېلىنىپ، سەل كۆپتۈرمە ھالەتكە كەلتۈ-
رۈلىدۇ.

**رېپىدە** — رېپىدە تونۇرغا قوناق زاغرىسى يېقىش
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقى بولۇپ، ئادەتتە
توقۇلۇشى تۇتاملىقراق كاناپ تاللىق رەختلەرنىڭ ئىچىگە
نورمال قېلىنلىقتا پاختا ياكى يۇڭ سېلىنىپ، تۆمۈنە يىڭنە
بىلەن ئۇششاق شىرىلىپ، قولنىڭ ئالقان قىسمىغا توغرا
كېلىدىغان تەرىپى دۈگىلەك ھالەتتە بارماقسىز پەلەي شەك-
لىدە، ئۈستى تەرىپى تۈز كانەيچە شەكلىدە جەينەككە
يەتكۈدەك ئۇزۇنلۇقتا تىكىلىدۇ. رېپىدىنىڭ مۇنداق قېلىن
تىكىلىشىدىكى سەۋەب قوناق زاغرىسىنى قىزىق تونۇرغا
چاپلىغاندا دەرھال چاپلاشماي، چۈشۈپ كېتىش خەۋپى
بولىدۇ. شۇڭا قوناق زاغرىسىنى تونۇرغا چاپلاپ بىر ئاز
تۇتۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. قىزىق تونۇرغا ئۇزاق قول
تىقىپ تۇرغاندا قولنىڭ كۆيۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ئۈچۈن ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە مېھنەتكەش ئانىلىرىمىز رې-
پىدىدىن ئىبارەت بۇ ئىختىرانى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ،
تۆشۈك ئىشلىرىنى ئاسانلىقتا يۈزلەندۈرۈش بىلەن بىللە،
يېمەكلىكنى قەدىرلەش ئېڭىنى نامايان قىلغان.

**قاپاق چۆمۈچ** — قاپاق چۆمۈچ تۆشۈك ئىشلىرى-
مىزدا كەم بولسا بولمايدىغان يەنە بىر تەبىئىي جابدۇقىمىز
بولۇپ، سۇ قۇيۇش، ئەتكەن چاي ئېتىش ۋە قۇيۇش قا-
تارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ. قاپاق پىلەك تارتىپ چېچەك-
لەپ مېۋىلەيدىغان بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك
مېۋىسىدۇر. قاپاقنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، چۆمۈچ
قاپاق، بوغما قاپاق، غۇڭ قاپاق ۋە ناسۋال قاپاق دېگەن
تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. قاپاق چۆمۈچ ۋايىغا يېتىپ پىشقاندىن
كېيىن، ئۈزۈۋېلىنىپ قۇرغاق ئورۇندا قۇرۇتۇلىدۇ.
ئاندىن باش قىسمىدىن ئېغىز ئېچىلىپ، ئىچىدىكى لەشلە-
رى تازىلىنىپ، ئاش سۈيىگە سېلىپ قايناتماپ پىشۇرۇلىدۇ،
ئاندىن قىزىق سۇ مېيىغا چىلاپ قايتا پىشۇرۇپ قىزارتىلى-
دۇ. قاپاق چۆمۈچ تەبىئىي، زەھەرسىز بولۇپ، قاپاق
سۈيى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، سالامەتلىكنى ئاسراي-
دۇ. دىيابېت كېسىلىنى تىزگىنلەيدىغان ماددا ئاجرىتىپ چى-
قىرىپ، ئاشقازان ئاستى بېزىنى ئاسرايدىغان، ئۇيغۇرلار-
نىڭ يېمەك-ئىچمەك تۇرمۇشىدا ئىختىرا تۇسنى ئالغان
تۆشۈك جابدۇقىدۇر. ھازىر قاپاق چۆمۈچ تۇرمۇشىمىزدا
ئورنىنى تۆمۈر ۋە تۇنىكىلەردىن ياسالغان چۆمۈچلەرگە
بوشىتىپ بەردى.

**ماي قاپىقى** — ماي قاپىقى ئادەتتە ھەر خىل تۈر-
دىكى زىرائەت مايلىرىنى قاچىلاپ ساقلاش رولىنى ئوينىاي-
دىغان تۆشۈك جابدۇقىدۇر. ئۇيغۇرلار يېمەك-ئىچمەك
ئادىتىدە زىغىر مېيى، قىچا مېيى، زاراڭزا مېيى، زاغۇن
مېيى، گازىر مېيى، سېرىق پۇرچاق مېيى، شاپتۇل ۋە
ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزىدىن ئېلىنىدىغان مېغىز مېيى قاتار-
لىق ۋە قوي، كالا، ئات، تۆگە، قوتاز، ئۆي قۇشلىرى

مېيى، ھالال دەپ قارالغان ياۋايى ھايۋان مېيىنى ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. ماي قاپىقى بوغما قاپاقنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى لەشلەرنى پاكىز تازىلاپ ئېلىۋېتىپ، ئاش سۈيىدە قاينىتىپ پىشۇرۇلۇپ، قىزىق مايدا قايتا داغلىنىپ، ئېغىز تەرىپىگە تۇتقۇچ ۋە قاپقاق بېكىتىپ ياسىلىدۇ. قاپاقتا ئېلىنغان ماي سۈپەت جەھەتتىن ئۆزگىرىش قىلماي، ئۇزاق مۇددەت ئۆز پېتى ساقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا سۇنۇپ كاردىن چىققان قاپاقنى بارات ئېيىدا كېچىسى كۆيدۈرۈپ، «بارات كەلدى بىلدىڭلارمۇ، بىزگە پوشكال سالدىڭلارمۇ؟» دەپ توۋلىشىپ ئوينايدىغان ئادەت بار.

**قىيىقچا** — قىيىقچا ساڭزا، سامبۇسا، ياپىلاق بوغۇرساق قاتارلىق تاماقلارنىڭ چۆرىسىنى شەكىل چىقىرىپ كېسىش ۋە يوپۇرماق ساڭزا ئۈچۈن يېيىلغان خېمىرنى ئۈزۈلدۈرمەي ساڭزا ھالىتىدە شەكىل چىقىرىپ كېسىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ. ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز قىيىقچىنى تالاسى چىڭ، قاتتىق ياغاچلاردىن ياسىغان. قىيىقچا ياساشتا ئاۋۋال قاتتىق ياغاچتىن سىركايە چىنىنىڭ تەگلىكى چوڭلۇقىدا نېپىز چەمبەر تەييارلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۇششاق ھەرە چىشى چىقىرىلىپ، دەل ئوتتۇرىسىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىلىدۇ. ئاندىن 15 سانتىمېتىرچە بارماق توملۇقىدىكى تاياقچىنىڭ بىر تەرەپ بېشىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن ئىچىگە قاراپ مۇۋاپىق ئارىلىقتا كىرتىپ ئېلىۋېتىپ، كىرتىلگەن ئورۇننىڭ دەل ئوتتۇرىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىپ، بايىقى تەييارلانغان چىشلىق چاقنى كىرتىلىپ ئېچىلغان بوشلۇق ئىچىگە تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ ئوق بىلەن مۇقىملاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

**قىرغۇچ** — قىرغۇچ ئاش لەڭپۇڭ، سەۋزە، لوبۇ، كاۋا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى قىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقى بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭ دۈگىلەك ۋە تۆت چاسا شەكىللىرى بار. دۈگىلەك قىرغۇچ مەخسۇس ئاش لەڭپۇڭ قىرىشقا، تۆت چاسا قىرغۇچ سەۋزە، لوبۇ، كاۋا قىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. قىرغۇچ ئاساسەن قەلەيدىن ئۈستىدىن تېگىگە تېشىش ئۇسۇلى بويىچە ياسىلىدۇ. دۈگىلەك ۋە تۆت چاسا قىرغۇلارنىڭ ئەتراپى بۈكۈلۈپ مەزمۇتراق سىم بىلەن چەمبەرلىنىش بىلەن بىللە قىرغۇچ تۇتقۇچى ياسىلىدۇ.

**خېپمەش** — (قىيمپەش) ئادەتتە بىر مېتىر ئەتراپىدىكى تۇتاملىقراق پاختا رەختنىڭ ئىچىنى ئاق خەسە بىلەن ئەستەرلەپ، تۆت ئەتراپىغا ئۈچلۈك زىغ ـ زىق تۇتۇپ تىكىلىدۇ. خېپمەشنىڭ تۆشۈك ئىشلىرىدا ئىشلىنىدىغان ئورنى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كۆكتات توغراش، ئاشقا خېمىر يۇغۇرۇش، قىيما قىلىش ئىشلىرىدا دۈشە تېگىگە قويۇش، دۈملەپ پىشۇرۇلىدىغان تاماقلارنى تەييارلاشتا قازان ئۈستى، ئەتراپىنى ھىملاپ يېپىش، خېمىر بولدۇرۇپ ئېتىلىدىغان تاماقلارنىڭ خېمىرىنى ئوراش، يۇيۇلغان قازان-قومۇچلارنىڭ پاكىز ھەم بىخەتەر تۇرۇشى ئۈچۈن ئۈستىنى چۈمكەپ قويۇش قاتارلىقلاردا كەم بولسا بولمايدۇ.

**پەشتاما** — تاماق ئېتىش جەريانىدا تاماق ئەتكۈچى ئالدىغا تارتىۋالىدىغان كىر كۆتۈرۈشلۈك رەختلەردىن تىكىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقلىرىنىڭ بىرى. پەشتاما تاماق ئېتىش جەريانىدا تاماق ئەتكۈچىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى تاماق چاچراندىلىرىنىڭ چاچراپ بىزەپ قىلىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن تارتىلىدۇ ھەم كىيىم-كېچەكلەردىكى قىل-قاتالارنىڭ تاماققا چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ. ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، چىنە-قاچىلارنى چاڭ-توزاندىن ساقلاش ئۈچۈن ئۈستىگە يېپىپ قويۇلىدۇ.

**خېمىر ياپقۇچ** — خېمىر ياپقۇچ مەخسۇس تاماق خېمىرلىرى ۋە لەڭمەن پىلتىسىنى (پىلتىدان بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا) يېپىشقا ئىشلىتىلىدۇ. خېمىر ياپقۇچ ئاساسەن پاختا رەختلەردىن قىلىنىدۇ. خېمىر ياپقۇچ بولغاندا خېمىرنى پىلتىداندا تىندۇرغاندەك سۈپەتلىك تىندۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**ئاغچا يۇغۇش** — ئاغچا يۇغۇچ ئۇيغۇرلارنىڭ تۆشۈك جابدۇقلىرىنى پاكىزلاپ يۇيۇپ تازىلىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقى. ئاغچا يۇغۇچ ئادەتتە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان قاپاق ئائىلىسىگە تەۋە ئۆسۈملۈك بولۇپ، بانان شەكلىدە چۈشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 20 ـ 30 سانتىمېتىر، توملۇقى بىلەكتەك بولىدۇ. ئاغچا يۇغۇچ تەبىئىي تازىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، زەھەرسىز ھەم ئىشەنچلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلقىمىزنىڭ زامانلاردىن بېرى قەدىرلەپ ئىشلىتىپ كېلىشىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن تۆشۈك جابدۇقى. بىراق ھازىر زاۋۇتلاردىن چىقىۋاتقان تازىلاش سۇيۇقلۇقلىرى ئاغچا يۇغۇچنى تۇرمۇشىمىزدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويدى.

**دەسمال** — تۆشۈك ئىشلىرىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىنىدىغان جابدۇقلارنىڭ بىرى بولۇپ، كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇقى 30 ـ 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان، سۇ سۈمۈرۈشچانلىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان پاختا رەختلەردىن تەييارلىنىدۇ.

دەسمال تۆشۈك ئىشلىرىمىزدا ئەڭ كۆپ ئىشلىنىدىغان ھەممىباب جابدۇق بولۇپ، قازان-قومۇچ، چىنە-قوشۇق، دۆشە-قىڭراق، ئاشتاختا-نوغۇچ، تەڭنە-نانتاختا، كەپكۈر-پىلتىدان، جىمبىل-قاسقان، سېكىلەك-پوزا، قىرغۇچ-قىيقچا قاتارلىق تۆشۈك جابدۇقلىرىنى سۈرتۈش ۋە كۆڭۈلدىكىدەك پاكىز يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، قايناق سۇدا پاكىز يۇيۇپ ۋە قۇرۇتۇپ، پاكىز ئورۇندا ساقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا دەسمالدا قول سۈرتۈش قەتئىي چەكلىنىدۇ. شۇنداقلا ئوغۇل بالىلارنىڭ ئېغىزىنى ئېتىشمۇ چەكلىنىدۇ، ئوغۇل بالىلارنىڭ ئېغىزىنى دەسمالدا ئېتىسا، چوڭ بولغاندا ساقال چىقمايدىغان كۆسا بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

**ئاپتۇۋا** — ئاپتۇۋا يۈز-قول يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، سۇ ئېلىنىدىغان پاكىزلىك تىپىدىكى تۆشۈك جابدۇقتۇر. ھازىر ئاپتۇۋانىڭ نۇرغۇنلىغان خىللىرى زامانىۋى ئۇسۇللاردا ياسىلىپ ئىشلىتىلمەكتە. ئەجدادلىرىمىز ئىلگىرى ئاپتۇۋانىمۇ ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن ياساپ ئىشلەتكەن. تۇرمۇشىمىزدا يەنە ئۇۋرىق، چۆگۈن، بوغما قاپاق قاتارلىقلار تازىلىق بۇيۇمى سۈپىتىدىكى تۆشۈك جابدۇقلىرىمۇ كەڭ ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە بوغما قاپاق (سۇ قاپىقى)نىڭ ئىشلىنىش تارىخى ئۇزاق ۋە دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «قىمارۋاز بوپ ئۇتۇپ كەتسەڭ، تىكەيمىكىن دو. ئىككىمىزگە كۇپايىدۇر، بىر قاپاقلا سۇ» دېگەن قوشاق كەڭ تارقالغان.

**چىلاپچا** — چىلاپچا يۈز-قول يۇغاندا، يۈز-قول يۇغاندىن كېيىنكى يۇندى چۈشۈرۈلىدىغان تۆشۈك جابدۇقتۇر. چىلاپچا چىدامچانلىق كۈچلۈك، تالاسى زىچ دەرەخ ياغاچلىرىدىن ئىچىنىڭ ئۈستى تەرىپى سىرتىغا قاراپ قىيپاش يايپاڭ، ئوتتۇرا قىسمى تېگىگىچە تىك، تېگى يايپاڭ، سىرتىنىڭ تېگىگە تەگلىك چىقىرىلغان، تېگىدىن ئوتتۇرىسىغىچە قورساقلىق، ئۈستى تەرىپى سىرتىغا قاراپ يايپاڭ ھالەتتە ياسىلىپ، ئىچىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا مۇۋاپىق تۆشۈكچىلەر ئېچىلغان نېپىز دۈگىلەك توساق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ياسىلىدۇ. چىلاپچىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ پاكىزلىق ئېڭى جەھەتتىكى تولىمۇ ئىنچىكە ۋە تولىمۇ نازۇك تەرەپلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**لاخشىگىر** — لاخشىگىر (ئوت قىسقۇچ) مەش-ئوچاقلارنىڭ ئوتىنى تۈزەشتۈرۈش، نان قومۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقى بولۇپ، ئاساسەن تۆمۈردىن ياسىلىدۇ.

**ئىلمە زىخ** — ئىلمە زىخ ئاساسەن چىمچىلاق توملۇقىدىكى، مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈر چوكىلاردىن ئۈچ تەرىپى ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا تىك ئېگىلىپ، كەينى تەرىپى چويلا سېپى توملۇقىدىكى 30 — 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچقا قېقىپ ياسىلىدۇ. ئىلمە زىخ ئادەتتە نان، سامسا، گىردە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى قومۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقى.

**كۆسەي** — تاماق پىشۇرۇش جەريانىدا ئوچاققا قالانغان ئوتنى تەڭشەش، ئوچاق سىرتىغا چىقىپ كەتكەن ئوتنى ئىچىگە ئىتتىرىش، ئوچاققا سالغان ئوتۇننىڭ راۋان ئۇلۇغ كۆيۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چوڭ بارماق توملۇقىدىكى، سىلىق-سىپتا ياغاچتىن تەييارلىنىدىغان ئۇزۇنراق تاياقچە. كۆسەي تونۇر كۆسىيى ۋە ئوچاق كۆسىيى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تونۇر كۆسىيى ئۇزۇنراق بىلەك توملۇقىدىكى قۇرۇق ياغاچتىن قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ھۆل ياكى يېڭى كېسىلگەن ياغاچلارنى كۆسەي ئورنىدا ئىشلەتمەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە «كۆسەي ئۇزۇن بولسا قول كۆيمەيدۇ» دەيدىغان ماقال بار. بۇنىڭدىن كۆسەينىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئىشلىنىش رولىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرۈۋشكە بولىدۇ. يېقىنقىلاردىن باشقا، ئىسسىق ساقلىغۇچ ۋە تەگلىكتىن ئىبارەت تۆشۈك جابدۇقمۇ بار، ئىسسىق ساقلىغۇچ چاينى قىزىق ساقلاش رولىغا ئىگە، تەگلىك چاي چۆگۈننىڭ تېگىگە قويۇلىدۇ.

يۇقىرىدا مەن تىلغا ئالغان ئاش-تاماق، يېمەك-ئىچمەك ئىشلىرىمىزدا ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقلىرىنىڭ نۇرغۇنى بۈگۈنكى زامانىۋىلىقنىڭ رەھىمسىز خىرىسىغا دۇچ كېلىپ، تۇرمۇشىمىزدىن يىراقلىشىپ ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ئەجدادلىرىمىز ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھىرى، ھايات مۇساپىلىرىنىڭ نۇرانە ئىزنالىرى، مىللەت روھىيىتىنىڭ سىمۋولى، تىرىكلىك تەلقىنلىرىمىزنىڭ تىرىكى ھېسابلانغان بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت تىپلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش، تۇرمۇشىمىزغا زامانىۋىلىق تۈسىدە قايتا ئېلىپ كىرىش ئۆزلۈك ۋە كىملىكىمىز توغرۇلۇق جىددىي ئويلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تولىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمەن.

(ئاپتور: توقۇزتارا ناھىيەسى دۆگمەھەللە يېزىسى مويۇنگۇزەر مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

# شىرىن



بىر پاتىشا بار ئىكەن، ئىخلىم پاتىشا ئىكەن، ئۇل پاتىشانىڭ بالىسى يوق ئىكەن. بىر كۈنى خۇداي تائالادىن تىلەپ تولا پۇل نەزەرە قىلىپتۇ. ئاڭا خۇداي تائالا بىر بىر ئوغۇل بالا بەرىپتۇ، ئىتىنى پەرھات قويۇپتۇ. ئۇل بالىدىن ئىشقى مۇھەببەت زاھىر بولۇپ تۇردى.

يىگى تۇققاندىن كىن ئۈچ - تۆرت ئايلىق بولغان بالدەك تۇغۇلۇپتۇ. ئۈچ - تۆرت ئاي بولغاندىن كىن ئىكى ياشقا كىرگەن بالدەك بولۇپتۇ.

بىر كۈنى ئۇل پاتىشا تولا چەرىك بىلەن ئوغا چىقتى، ئولاپ كەتىپ بېرىپ بىر كىكنى ئارىغا ئېلىپتۇ، ئۇل كىكنىڭ بوينىغا ئالتۇن گەگرە سالغان، ئۈنچى-مەرۋايىت بوينىغا ئاسقان، تولا چىرايلىق ياخشى كىك ئىكەن. پاتىشا كۆڭلىدە ئايتتى: بۇ كىكنى تىرىك تۇتۇپ، بالامغا ئاپىرىپ بەرسەم، ئوينىغىلى ياخشى ئىكەن، دەدى. لەشكەرىگە ھۆكمە قىلدى: بۇ كىككە ئوق چىقارماڭلار، تىرىك تۇتۇڭلار! بۇ كىك كىمنىڭ يىنىدىن قېچىپ چىقىپ كەسسە، ئۇل كىشىنى ئۆلتۇرەمەن، دەدى.

دەگەندىن كىن لەشكەر كىكنى قورۇپ كەلدى، كىك سەكرىپ پاتىشانىڭ بېشىدىن ئۆتۈپ كەتتى. پاتىشا لەشكەرلەرىگە ئايتتى: مەنىڭ ئارقامدىن كىشى كەلمەسۇن! بۇ كىكنى ئۆزۈم تۇتۇمەن، دەدى.

ئۇل كىكنىڭ ئارقېسىدىن قوغلاپ باردى، كىك بىر تاققا چىقتى، پاتىشا كىكنىڭ ئارقېسىدىن تاغنىڭ ئۈچۈنگە چىقتى، كۆرسە تاغنىڭ تۆپەسىدە بىر چېدىر تۇردى، كىك بېرىپ ئۇل چېدىرغا كىردى، چېدىردا بىر كىشى بار ئىدى، ئۇل كىكنى باققان كىشى كىكنى كۆرسە تولا قورقۇپتۇ. ئۇل كىكنى چىللاپ، ئۆزى كۆزلەرىنى ئايتىپ ئولتۇراتتى. پاتىشا يەتىپ كەلدى، پاتىشا بۇ ئىشنى كۆرۈپ ئېتىدىن تۇشۇپ چېدىرغا كىردى. ئۇل كىشى پاتىشانى كۆردى، ئىكسى سۆزلەشتى، پاتىشا سۇرىدى: سەن بۇ تاغنىڭ تۆپەسىدە نەمە قىلىپ يۈرسەن؟ دەدى. ئۇل ئايتتى: مەن بىر چوڭ ساۋدىگار ئىدىم، شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ ساۋدۇ قىلاتتىم. بىر يىلى يۇنەڭگە ساۋدۇ قىلماق ئۈچۈن باردىم، بارسام يۇنەك پاتىشايىنىڭ قىزىنىڭ سۇرەتىنى قىلىپتۇ، ئۇل سۇرەتىنى كۆرۈپ، مەن ئاڭا تولا ئاشىق بولدىم؛ ھەمە پۇلۇمنى ئىنىڭ دەردىدە يوقاتتىم. ئاندىن كىن ئۇل قىزىنىڭ سۇرەتىنى قىلدۇرۇپ،

بىر ھوش بولۇپ يىقىلىپ ئۆلدى، دەدى. پەرھاتنى ھۆكەمالار كۆرسە ئۆلمەپتۇ. ئۇلار پاتىشاغا ئايتتى: پەرھات ئۆلمەپتۇ، مەشوقىنىڭ سۈرەتىنى كۆرۈپ بىر ھوش بولۇپتۇ، دەدى. پەرھاتقا گۈلەپ چاپتى، ھوشىغا كەلدى، ھوشىغا كەلىپ يانا سۈرەتنى سورىدى، سۈرەتنى بەردى، يانا ئىچىپ كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى. ھۆكەمالار ئايتتى: بۇ قاغازنى مۇندىن كىن كۆرسەتمەڭلەر. بۇ سۈرەتنى كۆرۈپ ئاغرىغى ئېغىر بولۇپ كەتەدۇ، دەدى. ئاندىن كىن سۈرەتنى بەكەتىپ ئەتتى، يانا پەرھاتقا گۈلەپ چاپتى. گۈلەپ چاپقاندىن كىن يانا ساقايدى. ئاندىن كىن سۈرەتنى كۆرسەتمەدى.

پەرھاتنىڭ ئاغرىغى ئىلگەركىدىن يامان بولۇپ كەتتى، ياساتقان يەتتى قىسما ئۆيلەردىن ھەر قاسىدا بىر كۈن مەيلەسە قىلىپ پەرھاتنى ئويناتتى. مەشوقىدىن بۆلۆك ھەش نەرسەنىڭ خىيالىنى قىلمايدۇ، ھەش كىشىگە سۆز قىلمايدۇ. پاتىشانىڭ مۇنداق قىلغان ئىشلەرى پەرھاتقا ھەش پايدا قىلمىدى، قىلمىغاندىن كىن ھۆكەمالارغا ئايتتى: پەرھاتقا قانچى قىسما دۇرىلارنى قىلدۇق، پەرھات ساقايمىدى، مۇنى ئەمدى نەمە قىلساق بولۇدۇ؟ دەدى. دەگەندىن كىن ھۆكەمالار ئايتتى: ئاشىقنى ساقايتقان مەشوقى، دەدى. مۇنى بىر مۇنچا كىشىگە قوشۇپ، يۇنەڭگە مەشوقىنىڭ شەھەرىگە ئەۋەسسەك، مەشوقىنى تېپىپ شۇندىن كىن ساقايدۇ، دەدى. پاتىشا ئايتتى: ئانداق بولسا شۇنداق قىلىڭلار، يول جابدۇغىنى جابدۇڭلار! دەدى، بىللە بارىدىغان كىشىنى راسلاڭلار! دەدى.

ھۆكەمالار، ۋەزىرلەر پەرھاتنىڭ يول جابدۇغىنى قىلدى، ئۆزى بىلەن بىر مەختەپتە ئوقۇغان دوسلىرىدىن بەش يۈز كىشى راسلىدى. بۇ ھەمەسى تەيار بولغاندىن كىن پاتىشاغا كىرىپ ئاڭلاتتى. پەرھاتنىڭ راسلىغان بەش يۈز كىشىگە قوشۇپ يۇنەڭ تۆرەپكە ئەۋەتتى. پاتىشا ئوغلىنىڭ ئارىلىپ كەلىپ تولا يىغلىدى. يىغلىماقلىق بىلەن ھەش ئىشكە پايدىسى يوق، يانا پاتىشالىققا ئولتۇرۇپ پاتىشالىگىنى قىلدى.

پەرھات بىر مۇنچا كۈن يول يۈردى. ئاندىن كىن بىللە بارغان دوسلىرىغا ئايتتى: مەن مەشوقىمنى تاپىمەن، دەپ، شۇ يەردىن يېنىڭلار! مەن ئۆزەم يالغۇز باراي! دەپ، بىر مۇنچا سۆزلەرنى ئايتىپ ئۇلارنى ياندۇردى، ئۇلار يانغاندىن كىن ئاتا - ئانىسىغا، قالغان دوستى-يارللىرىغا تولا سالام ئايتىپ ئەۋەرتتى.

ئاندىن كىن پەرھات ئۆزى يالغۇز يۈرۈپ كەتتى، بىر مۇنچا كۈن يول يۈردى، بىر دەريانىڭ بويىغا كەلدى، ئول تولا چوڭ دەريا ئىكەن. بەش يۈز كىشى بىلەن بىر كەمەگە كىردى. ھەمە دەريانىڭ ئوترىسىغا يەتكەندە كەمەگە تۇشكەن ساۋدىگەرلەر ئۈچ بۆلۆك كەمەنى كۆردى. ئۇنى كۆرۈپ ھەمەسى يىغلاشتى. پەرھات ئايتتى: نەمە يىغلايسلەر؟ دەپ. ئۇلار ئايتتى: ئۈچ كەمەدە ئوغرى-قاراقچىلار كەلەدۇ، يەتىپ كەلىپ بىزگە ئوت تاشلايدۇ، بىز ھەمەمىزنى كۆيدۈرۈپ، پۇل - مېلىمىزنى ئالىدۇ، شۇنىڭدىن قورقۇپ يىغلىشىمىز، دەدى. ئانداق دەگەندىن كىن پەرھات ئايتتى: ماڭا بىر يار، ئۈچ ئوق كەلتۈرىڭلەر! بۇ ئوغرىلارنىڭ ئىشىنى مەن قىلاي! دەدى. ئۇلار بىر يار، ئۈچ ئوق كەلتۈردى، ئۇ يار، ئوق پەرھاتقا يارىمىدى، كەمە ئىچىدە ئۆزى بىر يار ياسىدى، ئۈچ ئوق ياسىدى، ئول ئوغۇرلارنىڭ يەتىپ كەلىشىگە ئوت تاشلايدىغان تىلسىماتقا ئوق بىلەن ئانداق ئۇردى، ئوت يېنىپ ئوغرىلار ئۆزىگە يەتىپ تەگىپ ھەمەسى كۆيۈپ ئۆلدى، ئۈچ

كەمەدەكى ئوغرىلارنى ئۈچ ئوق بىلەن يوقاتتى. پەرھاتنى بۇ كۆرگۈن ئىشلەرگە كەمەدەكى ساۋدىگارلار ھايران قالدى. ئاندىن كىن دەريادىن كەمە قۇرۇققا چىقتى، كەمەدىن چىققاندىن كىن بۇ بەش يۈز كىشى پەرھاتنىڭ ئايىغىغا باش قويدى: سەن بولمىساڭ ئوغرىلار ھەممىزنى ئۆلتۈرەتتى، سەن بىزنىڭ قېنىمىزغا ئارا بولدۇڭ، بىز ساڭا ئەمدى قۇل بولۇمىز، دەدى. دەگەندىن كىن پەرھات ئايتتى: سىلەر ھەر قاسىڭلار ئۆز ئىشىڭلەرگە يەتىڭلەر، مەمما ئۆز ئىشىمگە باراي، سىلەر ماڭا كەرەگىڭلەر يوق، دەدى. دەگەندىن كىن ئول ساۋدىگەر ئارىسىدا شاپىر دەپ بىر چوڭ ساۋدىگەر بار ئىدى، كاراۋان بېشى ئىدى، ئول كۆڭىندە ئايتتى: بۇ يىگىت پاتىشازادىغا ئوقشايدۇ، بۇ ئىشقىنىڭ دەردىدە يۈرگەن مەلىم بولۇدۇ، ئۆزى باتۇر ياخشى يىگىت ئىكەن، مەمما ئىشقىنىڭ دەردىنى تولا تارتقان، مۇنىڭ ھالىنى سۇراپ، ئەگەر مەشوقى تۆرەپكە بارىدىغان بولسا، مەن مۇڭا يولداش بولاي، دەدى.

پەرھات ھەمە كارىۋاللارغا رۇخسات بەردى، ئول شاپىر ئايتتى: مەن سىز بىلەن بىر مۇنچا سۆزلەشىپ، ھەلى مۇڭۇمىزنى ئايتىشىپ ئاندىن كەتەي! دەدى.

دەگەندىن كىن پەرھات ئايتتى: خوپ بولۇدۇ! دەدى.

ئاندىن شاپىر سۇرىدى:

سىز قاسى باغنىڭ گۈلى؟
قاسى چىمەننىڭ بۇلبۇلى؟
قاي ياققا ئەزما قىلىپ يۈردۈڭىز؟
ئىشقىنىڭ دەردى تارتتىڭىز؟

سىز ماڭا دەردىڭىزنى ئايتىڭ! مەنىڭ بېشىمغا ھەر قىسما ئىشلەر تولا كەلگەن، ئىشقىنىڭ دەردىنە تارتقان، تولا ئىشلەرنى كۆرگەن، دەدى.

پەرھات شاپىرنىڭ مۇنداق سۆزلەرنى ئىشتىپ كۆڭنى كىچىكىنە خۇش تاپتى، ئاندىن كىن پەرھات ھەمە دەردى ئايتتى، پاتىشازادى ئىكەننى، يەتتى يېشىدا شىرىن تۇشىگە كىرىپ ئاڭا ئاشىق بولغىنىنى، ئاتىسى يەتتى قىسما ئۆي ياساتقىنىنى، بىر كۈنى ئۆيلەرنى كۆرۈپ يۈرۈپ، ئاغزىغا قۇلۇپ سېلىپ بەكلەگەن بىر ساندۇقنى كۆرگەننى، ئۇ ساندۇقنى ئاچۇرۇپ، ئاشقاندىن كىن ئىچىدىن بىر سۈرەت چىقىپ، مەشوقىنىڭ سۈرەت ئىكەننى كۆرۈپ، ھۇشىدىن كەتىپ قالغىنىنى، كۈندىن كۈنگە ئىشقىنىڭ كەسەلى زىيادا بولغىنىنى، ئاتىسى بەش يۈز كىشىگە قوشۇپ يۈنەڭ تۆرەپكە ئەۋەتكەننى، بېشىغا



كەلگەن ھەمە ئىشلارنى شاپىرغا ئەرەك ئايتتى. شاپىر بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ، ئىكى يۈز ئاتقا يۈكلەگەن پۇلى بار ئىدى، قۇللىرى بار ئىدى، بۇ ھەمە پۇلنى پەرھاتنىڭ ھېقدا خۇدايى قىلىپ بەردى، قۇللىرنى ئازات قىلدى، ئۆزى پەرھات بىلەن پەرھاتنىڭ خىزمەتنى بەرمەكچى بولۇپ، يۈنەك تۆرەپكە يۈردى. شاپىر ئۆزى سىزىقچى ئىدى، ھەر قايداق سىزىقتا تولا ئۇستا ئىدى.

ئىكى بىر نەچەن كۈن يول يۈردى، بىر كۈن يۈنەگگە يېقىن كەلدى، بىر تاققا قايلسا، تاغدا تولا نۇرغۇن كىشلەر يۈرىدۇ، توپا تولا توزىدۇ.

پەرھات ئايتتى: شۇبۇ توپا توزۇغان يەرگە بارىلىن! بۇ مۇنچا نۇرغۇن خاق نەمە ئىش قىلىپ ياتىدۇ، بېرىپ كۆرەلىن! دەدى. شاپىر بىلەن ئىكسى ئول يەرگە باردى، بارسا ئۆستەك چېپىپ يېتىپتۇ.

پەرھات سۇرىدى: بۇ ئۆستەگنى چېپىپ نەمە قىلسلەر؟

ئول خاق ئايتتى: بىزنىڭ پاتشايىمىز ئۆلگەن، شىرىن دەپ بىر قىزى بار ئىدى، ئورنىغا پاتشا بولدى، بۇ تاغنىڭ تۆپەسگە سۇ ئېلىپ چىقىپ ئۆي ـ ئىمارەت سالىمەن، باغ قىلىمەن دەپ بىزگە زۇلما قىلىپ، بۇ ئۆستەگنى چاپتۇرۇپ ياتىدۇ، ئۈچ مىڭ كىشى بېيىل ئۈچ يىل بولدى ئۆستەگنى چاپقېلى، پۈتمەيدۇ، كۈندۈزى چاپساق، چاپقان يەرىمىز كەچەسى پۈتۈپ قالەدۇ، دەپ شىرىننىڭ زۇلما قىلغان ئىشلەرىنى پەرھاتقا بىر ـ بىر ئايتتى. پەرھات شىرىننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ غەيرەتگە كەلدى، كۆڭندە ئايتتى: مەنىڭ مەشوقىنىڭ ئۆستەگى ئىكەن، مۇنى ئۆزەم چاپاي، بۇ خالقنى بۇ زۇلمىدىن قۇتقۇزاي، ئاندىن كىن مەشوقمنى تېپىپ سۆزلەشەي، دەدى. پەرھات ئۇلارغا ئايتتى: مەن شىرىننىڭ دەرىدىدە تولا جاپىلارنى تارتتىم، ئەمدى بۇ ئۆستەگنى ئۆزەم پاچاي، سىزلەرنى بۇ زۇلمىدىن قۇتقۇزاي، ماڭا كەتمەن، تەبەر راسلاپ بەرىڭلەر! دەدى. ئۇ خالق پەرھاتنىڭ بۇ سۆزىنى ئىشتىپ تولا خوشال بولدى، كەتمەن، تەبەر كەلتۈرۈپ بەردى. پەرھات ئۇ كەتمەن بىلەن ئۆستەگگە قول قويۇپ چاپتى. پەرھاتنىڭ بىر چېپىشىغا كەتمەن چىدامای سىنىپ تالقان بولدى. ئاندىن پەرھات ئايتتى: سىلەر ماڭا تۆمۈر يىغىپ بەرىڭلەر! لازىم بولۇدىغان جابدۇقنى ئۆزەم سوقاي. ئۇلار تۆمۈر يىغىپ پەرھاتقا كەلتۈردى.

پەرھات بىر كەتمەن سوقتى، بىر تەبەر سوقتى، ئىسكنە سوقتى، بىر بولقا سوقتى، بۇلارنى ئۆزى سۇغاردى. ئاندىن كىن ئۆستەگگە ئۆزى قول قويۇپ چاپتى. شاپىر ئىسكنە بىلەن ئۆستەگنىڭ ئىكى تۆرەپىدەكى تاشقا گۈل چەكتى، پەرھاتنىڭ كەتمەندىن چەكىپ ئۆستەگنىڭ ئىچگە تۈشكەن تاشلارنى بۇ ئۈچ مىڭ كىشى ئېلىپ تاشلاپ يۈرىدۇ.

ئول ئۆستەك ئانداق ئۆستەك بولدى شىرىننىڭ كۆڭندەكىدىن زىيادا. بۇ ئىشنى شىرىن ئاڭلىدى، ئانىسىغا ئايتتى: بىر پاتشازادى ماڭا ئاشىق بولۇپ كەلىپتۇ، كەلىپ ئۆستەگنى پۈتكۈزەمەن دەپ ۋەدە قىلىپ، ئۆستەگنى چېپىپ ياتقداق. ئېنىڭ شاپىر دەپ بىللە كەلگەن كىشىسى بار، ئول ئۆستەگگە گۈل قىلىپ ياتقۇداق، دەدى. مۇنى چىقىپ مەن كۆرەي! دەدى. ئانىسى ئايتتى: چىقىپ كۆرگىن! دەدى.

شىرىن تۆرت يۈز قىز بىلەن ئاتقا مىنىپ پەرھات ئۆستەك چاپقان يەرگە كەلدى، ئۈزىگە پەردە تارتقان ئىدى. پەرھاتنىڭ قېشىغا كەلگەندە شامال كەلىپ پەردەنى كۆتۈردى، پەرھات





تۇشىدە كۆرگەن قىزنى، سۇرەتتە كۆرگەن قىزنى كۆردى. مەشۇقى شۇ ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپ بىر ھۇش بولۇپ يىقىلدى، شاپىر يېنىغا كەلدى، پەرھات بىر ھۇش بولۇپ يىقىلدى. شىرىن ئېتىدىن تۇشۇپ، پەرھاتنىڭ بېشىدىن يۆلەپ ئولتۇردى. شاپىر، شىرىن پەرھات ئۆلدى دەپ تولا يىغلىدى. شىرىن چىققىنىغا پۇشماللارنى قىلدى: ئەگەر مەن كەلمەسەم پەرھات ئۆلمەيتتى، مېنى كۆرۈپ جان بەردى، دەدى. مېنىڭ دەردىمنى تولا تارتقان ئۇۋاي سۆزلەشمەي ئۆلۈپ كەتتى! دەپ يىغلىدى. پەرھاتنى مەپىگە سالدى، شىرىن ئۆيىگە ئېلىپ باردى، ئۆلدى دەپ بىر سارايغا ياتقۇزدى، شاپىر بىلەن ئىككىسى تولا يىغلاپ، ھېرىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

تاڭ ئاتتى، سەھەرنىڭ شامىلى پەرھاتنىڭ دىمىغىنا كىردى، پەرھات تۇزەلدى، قارىسا بىر سارايىنىڭ ئىچىدە يېتىپتۇ، كۆڭلىدە ئايتتى، شىرىن بارغان ۋاختا ھۇشۇم كەتكەن چېغىم، مېنى ئۆلدى دەپ بۇ سارايغا ياتقۇزغان چېغى، دەدى. ئاندىن كىن ئايتتى: مەن ئۆستەڭنى چېپىپ پۇتكۇزەمەن دەپ ۋەدە قىلغان، دەپ ئورنىدىن قوپۇپ، ئۆستەڭ چاپىدىغان يەرگە كەلدى. قولىغا كەتمەننى ئالدى، يانا ئۆستەڭگە تۇشۇپ ئۆستەڭنى چاپتى. ئاندىن كىن شاپىر ئوخۇنۇپ باقسا پەرھات يوق. شاپىر ئايتتى: شىرىننى كۆرۈپ بىر ھۇش بولغان ئىكەن، ئۆلمەگەن ئىكەن، ئۆستەڭ چاپقىلى كەتكەن چېغى، دەپ شاپىر ئۆستەڭگە كەلدى. كەلسە پەرھات ئۆستەڭنى چېپىپ يېتىپتۇ. شاپىر كەلىپ ئىسكىنە بىلەن بولقىنى قولىغا ئېلىپ ئۆستەڭگە گۇل چەكتى. ئول ئۆستەڭنى پەرھات ئۇچ كۇندە پۇتكەزدى، ئۆستەڭ بۇتكەندىن كىن ئۆستەڭ پۇتتى دەپ شىرىنغا خەبەر قىلدى، شىرىن ئۇزىگە پەردە تارتتى، نەچەن يۇز قىز بىلەن ئۆستەڭنىڭ بېشىغا كەلدى.

ئۆستەڭنىڭ بېشىدا پەرھات شىرىننىڭ كەلەدىغان يولىغا قايلاپ تۇردى، شىرىن يەتىپ كەلگەندىن كىن سۇنى ئۆستەڭگە ئاچاي، دەپ تۇردى. بىر ۋاختىن كىن شىرىن نەچە يۇز قىز بىلەن ئۆستەڭنىڭ بېشىغا كەلدى، شىرىن كەلگەندىن كىن ئۆستەڭنىڭ سۇنى ئاچتى. سۇنى ئاچقاندىن كىن ئۆستەڭنىڭ بويى بىلەن شىرىن تاغنىڭ تۆپەسىگە يۇردى، تاغنى چەكلەپ چىققاندىن كىن شىرىننىڭ مىنگەن ئېتى ھاردى، پەرھات كەلىپ شىرىن ئېتى بىلەن قېتىپ كۆتۇرۇپ تاغنىڭ تۆپەسىگە ئاپچىقىپ قويدى. سۇ شىرىن بىلەن تەڭ تاغنىڭ تۆپەسىگە چىقتى، تاغنى چۆرۇلۇپ ئېقىپ، ئاياغى دەرياغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئول ئۆستەڭ شىرىننىڭ كۆڭلىدەكىدىن زىيادە بولدى؛ ئاندىن كىن شىرىن پەرھاتقا ئايتتى: مۇنۇڭ تۆپەسىدە نەچەن قىسما ئۆيلەرنى قىلساق، سىزنىڭ بىلەن ئۆي پۇتكەندىن كىن مەيلىسى قىلساق، بىر-بىرىمىزگە دەردى ھالىمىزنى ئايىساق؛ بۇ تاغنىڭ تۆپەسىگە ئۆي ياسارنى بىلەمسىز؟ دەدى. پەرھات شىرىننىڭ بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ، مەشۇقىمنى تاپتىم، دەپ كۆڭلى تولا خوشال بولدى، بولغاندىن كىن ئۆي ياساشنى بىلەمەن! دەدى. پەرھات ئۆي ياسايدىغان ئىشلەرنى تولا كۆرگەن ئىدى، ئۆي ياسايدىغانغا ئۇستا بولۇپ ئىدى. ئاندىن كىن پەرھات تاغنىڭ تۆپەسىدە ئانداق ياخشى ئۆيلەرنى قىلدى، ھەش كىشى مۇنداق ئۆيلەرنى كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەمەس. ئۆي پۇتكەندىن كىن شىرىن ئول ئۆيدە پەرھاتقا قىرق كەچ-كۇندۇز مەيلىسى قىلىپ بەردى. ئاندىن شەھەر ئىچىدەكى ئۆيىگە ئېلىپ كەلىپ، ئاندا مەيلىسى قىلىپ بەردى. پەرھات شىرىن نەچەن كۇنگەچە بۇ قىسمى ئىشلەر بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكەزدى.

پەرھات جاپالارنى تولا تارتقان ئىدى، خۇداي تائالا مەشۇقىغا يەتكۈزدى. شاپىر بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، قايداق خىزمەت بولسا قىلىپ يۈردى.

ئاندىن كىن بۆلۆك بىر شەھەرنىڭ پاتىشايىنىڭ ئوغلى شىرىننىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ شىرىنغا كۆيدى. ئەلچى ئەۋەتتى: شىرىن ماڭا تەگسۇن! دەپ. ئول ۋاختا پەرھات كەلگەن ئەمەس ئىدى. شىرىننىڭ ئانىسى: ھەلى بالام كىچىك، چوڭ بولسا بەرەي! دەدى. مۇنۇڭ ئارىسىدا ئەلچى ئۈچ-تۆرت قىتىم كەلدى. ئول پاتىشانىڭ ئوغلى ئايتتى: مەنىڭ دادام بار ئۈچۈن، شىرىن مەن كىشكە كەلىن بولۇپ قالىمەن دەپ ماڭا تەگمەيدىغان چىغى، مەنىڭ ئەلچىلەرىمگە تەگەدىغان سۆزنى ئايتماپتۇ، مەن دادامغا دۇرى بەرىپ ئۆلتۈرەي، ئورنىغا پاتىشا بولۇپ ئولتۇراي! ئاندىن كىن شىرىنغە ئەلچى ئەۋەرتەي: دادام ئۆلدى، مەن پاتىشا بولدۇم، شىرىن ماڭا تەگسۇن، دەپ كىشى ئەۋەرتەي! ئەگەر ئۇ سۆزۈمنى قوبۇل قىلىپ شىرىن ماڭا تەگسە، ئىنى ئىلىپ ھەمە خاتۇللىرىمدىن چوڭ قىلاي! ئەگەر تەگمەيدىغان بولسا، لەشكەر ئىلىپ بىرىپ سوقۇشۇپ، شىرىننىڭ ئورىدىسىغا ئوت قويۇپ، ئولجا قىلىپ ئىلىپ كەلەي! دەپ كۆڭلىدە بۇ سۆزلەرنى كەڭەشتى. دادىسىغا دۇرى بەرىپ ئۆلتۈردى، ئىنىڭ ئارىسىدا پەرھات شىرىننىڭ شەھەرىگە كەلدى، قانچا قىسما ئىشلەرنى قىلدى، شىرىن پەرھاتنىڭ بۇ جاپا تارتقىنىغا رەخمە قىلىپ، ئۆزىنى قوبۇل قىلدى.

ئاندىن كىن ئول پاتىشا دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا پاتىشا بولۇپ ئولتۇردى. شىرىنغا ئەلچى ئەۋەتتى: مەنىڭ دادام ئۆلدى، ئورنىغا مەن پاتىشا بولدۇم. شىرىن ماڭا ئۆزىنى قوبۇل قىلسۇن! يوق دەسە نۇرغۇن لەشكەر بىلەن بىرىپ، شىرىننىڭ شەھەرىگە بىرىپ، شەھەرىنى خاراپ قىلىمەن، دەدى. كەلىپ ئەلچى پاتىشايىنىڭ سۆزىنى شىرىننىڭ ئانىسىغا، شىرىنغا ئايتتى، ئايتقاندىن كىن ئۇلار ئايتتى: پالانى شەھەرنىڭ پاتىشايىنىڭ ئوغلى پەرھات مەنىڭ ئۈچۈن تولا دەرتلەرنى تارتىپتۇ، يولدا قانچى جاپالارنى تارتىپ، مەنى دەپ مۇندا كەلىپتۇ، مەنىڭ قانچا قىسما قاتتىق ئىشلەرىمنى پۈتتۈردى، مەن ئاڭا ئۆزەمنى قوبۇل قىلدىم، مەن ئەمدى ئول پاتىشاغا نەمەدەپ ئۆزەمنى قوبۇل قىلىمەن دەيمەن، مەن ئاڭا ئۆزەمنى قوبۇل قىلمايمەن، پاتىشا قولىدىن قايداق ئىش كەلسە شۇنى قىلسۇن! ئىنىڭ لەشكەر ئىلىپ بارىمەن دەگەن سۆزىدىن مەن قورقمايمەن، ھەر ئىش بىشىمغا كەلگەندىن كىن كۆرەي، دەدى. ئاندىن كىن ئەلچىلەر ياندى، بىر نەچەن كۈن يول يۈرۈپ ئۆز شەھەرىگە يەتتى، پاتىشانىڭ قىشىغا كىردى، شىرىننىڭ ئايتقان سۆزلەرىنى بىر-بىر پاتىشايىغا ئايتتى. پاتىشا ئۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھۇشىدىن كەتتى، ئۆزىنى تاختىدىن يەرگە تاشلىدى، بىر مۇنچا سائاتتىنىڭ كىن ھۇشىغا كەلدى. شىرىننىڭ ساڭا ئۆزەمنى قوبۇل قىلمايمەن دىگەن سۆزلەرىگە تولا ئاچىغى كەلدى. ۋەزىرلەرىنى قىشقىردى، ئۇلارغا شىرىننىڭ سۆزىنى بىر-بىر ئايتتى، ...نى ئەمدى نەمە قىلساق بولۇدۇ، دەپ كەڭەش سۇرىدى.

ئۇلار ئايتتى: پاتىشا قايداق ھۆكمۈ قىلسا، بىز مۇڭا قاراپ تۇردۇق، دەدى. دەگەندىن كىن پاتىشا بىر نەچەن چوڭ بەگلەرىنى يىغدى، ئۇلار بىلەن كەڭەش قىلدى، پاتىشا ھەمە ئىشنى ئايتتى؛ شىرىننىڭ شەھەرىگە لەشكەر ئىلىپ بارماقچى بولدى. بىرىپ سوقۇشۇپ شىرىننى ئىلىپ كەلەلىن! دەدى. مەن شىرىننى ئالىمەن دەپ ئاتامغا دۇرى بەردىم، ئاتام دۇرى ئىچىپ ئۆلدى، مەن ئەمدى شىرىننى ئالمىسام ئەسلە بولمايدۇ، دەپ پاتىشا بەگلەرىگە تولا سۆزلەرنى ئايتتى. بەگلەرى پاتىشايىنىڭ سۆزى بىلەن چىقىپ تولا لەشكەر يىغدى، ئول پاتىشا يىغىلغان تولا لەشكەرى

بىلەن سوقۇشقىلى ئۆزى يۈردى.

بىر نەچچەن كۈن يول يۈردى، شىرنىنىڭ شەھەرىگە يېقىن كەلدى. شىرنىڭ لەشكەر كەلگەننى ئاڭلاپ بەگلەرنى قىشقىردى: بىزنىڭ ئۇسسۇنۇمىزگە يېغى كەلىپتۇ، سىلەرما لەشكەر يىغىڭلار! ئول يېغىنىڭ ئالدىغا چىقىپ سوقۇش قىلىمىز، دەدى. شىرنىنىڭ بەگلەرى لەشكەر يىغدى، نۇرغۇن چەرىك بىلەن ئول كەلگەن يېغىنىڭ ئالدىغا چىقتى، ئۇلار بىلەن سوقۇشتى، قاتتىق جەڭ بولدى، تولا چەرىك ئۆلدى، ئاخىرىدا شىرنىنىڭ لەشكەرىنى سىندۇردى. ئول ۋاختا بۇ ئىشلەردىن پەرھاتنىڭ خەبەرى يوق ئىدى. ئول ۋاختا پەرھات تاغنىڭ تۆپەسىدەكى ئۆيدە ئىدى. بۇ ئىشنى شاپىر ئاڭلاپ كەلىپ پەرھاتقا ئايتتى: شىرنىنىڭ يۇتىغا شىرنىنى ئالىمەن دەپ، ئول پاتشا يېغى بولۇپ كەلگەننى بىربىر پەرھاتقا ئايتتى.

پەرھات ئۇ سۆزنى ئاڭلاپ قولىغا جەڭ جابدۇغىنى ئېلىپ، ئول يېغىغا باردى، بېرىپ كۆرسە، شىرنىنى ئالدۇرتىپتۇ، ئالغداق قىلىپتۇ. پەرھات بېرىپ ئانداق جولامبازلىق قىلدى، ئاندىن كىن نەھەر تارتىپ ئۆزىنى ئول يېغىغا ئۇردى، بېرىپ چەرىكنى ئانداق قىردى، پاتشانىڭ چەرىگى سىندى، قالغان چەرىكلەرى بەتامام قاشتى، پاتشا ئۆزى ھەم قاشتى، قېچىپ بىر مۇنچا يول يۈردى، ئاندىن كىن بەگلەرىدىن سۈرىدى، قاسى بەگنى سۈرۈسا ئۆلدى دەدى، پاتشانىڭ تولا چەرىگىنى، تولا بەگلەرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. پاتشا كەلگەنىگە يۈز پۇشماللارنى قىلىپ شەھەرىگە ياندى. بىر مۇنچا كۈندىن كىن ئۆز شەھەرىگە كەلدى.

پەرھاتنىڭ بۇ قىلغان ئىشلەرىگە شىرىن بەگلەرى ئاپىرىن قىلدى، تولا باتۇر يىگىت ئىكەن دەدى، شەھەرىگە ئاپىرىپ تۈشۈرۈپ خوشاللىقتىن يەتتى كەچ - كۈندۈز مەيلەسى قىلىپ بەردى. ئاندىن كىن پەرھات شاپىر بىلەن تاغ تۆپەسىدەكى ئۆيىگە كەتتى، بىر نەچچەن كۈن تەشلىق بولۇپ قالدى. شىرىن بىلەن ۋە بەزى كۈللەرى تاغنىڭ تۆپەسىدەكى ئۆيدە مەيلىس قىلدۇ، ۋە بەزى كۈللەرى شەھەر ئىچىدەكى ئۆيدە مەيلىس قىلدۇ. بىر مۇنچا كۈن مۇنداق قىلىپ يۈردى.

ئاندىن كىن ئول پاتشا ئۆيىگە بېرىپ تۈشتى. بىر شىرىن ئۈچۈن ئاتېسىنى ئۆلتۈرگەنىگە، شىرىنگە چەرىك ئېلىپ بېرىپ بەگلەرى، چەرىگى تولا ئۆلگەنىگە پاتشا خاپا بولۇپ تاختىدا ئولتۇرمىدى، كىشىگە سۆز قىلمىدى، بەگلەرىگە كۆرۈنۈش بەرمەدى، بىر نەچچەن كۈننى مۇنداق ئۆتكەزدى. ئاندىن كىن پاتشانىڭ ۋەزىرى، دانىشماللىرى كەڭەشتى: پاتشا مۇنداق بولغېنى ئوبدان ئەمەس، مۇنى پاتشاغا كىرىپ بىز ئايتېلىن! پاتشا پاتشالىگىنى قىلىپ تاختىدا ئولتۇرسۇن! پەرھاتنى بىز ھىلە بىلەن تۇتۇلىن! ئاندىن كىن شىرىننى ئالماق ئاسان، دەدى.

بۇلار بۇ كەڭەشنى قىلىپ پاتشانىڭ قېشىغا كىردى، بۇ كەڭەش قىلغان ئىشلەرىنى پاتشاغا ئايتتى. سىزنىڭ مۇنداق قىلمېغىڭىز بىلەن ھەش ئىش پۈتمەيدۇ، سىز تاختىڭىزدە ئولتۇرۇڭ، پاتشالىغىڭىزنى قىلىڭ! بىز بىر كىشى تېپىپ بىر مەكرى بىلەن پەرھاتنى تۇتۇلىن، ئاندىن كىن شىرىننى ئالماق ئوڭاي، دەدى. پاتشا بۇلارنىڭ بۇ قىلغان سۆزنى ئاڭلاپ تولا خوشال بولۇپ تاختىدا ئولتۇردى، پاتشالىگىنى قىلدى، ھۆكمۈ قىلدى، كىم پەرھاتنى تۇتۇپ كەلسە، ئۇلۇگ بەگ قىلىمەن! بىر خىشتا ئالتۇن بەرەمەن! دەدى.

دەگەندىن كىن ئول شەھەردە بىر مەككار توقسان ياشتا بىر ماما بار ئىدى. ئول سۆزنى ئاڭلاپ پاتشانىڭ قېشىغا كەلدى، كەلىپ ئول ماما ئايتتى: پەرھاتنى مەن تۇتۇمەن. ماڭا بەش يۈز كىشى قېتىپ بەرگىن! دەدى. دەگەندىن كىن پاتشا خوشال بولۇپ، مامىغا تولا ئىلتىپاتلارنى قىلدى.

بىر خىشتا ئالتۇن بەردى، يانا قالغان خىزمەتىڭنى پەرھاتنى تۇتۇپ كەلگەندىن كىن قىلىمەن، دەپ بەش يۈز كىشىگە قېتىپ مامېنى ئەۋەتتى. ماما بىر نەچچەن كۈن يول يۈردى، پەرھات بار تاققا يېقىن كەلدى، بىللە كەلگەن بەش يۈز كىشىنى بىر يەردە مۆكتۈرۈپ قويدى، سىلەر كەرەك بولغاندا مەن قىشقىرىمەن ھەمەڭلەر كەلىڭلەر، دەدى. ئاندىن كىن ماما ئۆزىنى قىزنىڭ سۈرەتىدە ياسىدى، دۈرى بىرھۆش بىلەن بىر گۈل ياسىدى. گۈلنى بىر قولىغا كۆتۈرۈپ ئۆزى ئاشقلارداق بولۇپ پەرھاتنىڭ ئالدىغا باردى. پەرھاتنى كۆرۈپ بىر مۇنچا ئاشقلارنىڭ سۆزىدىن قىلدى. ئېنى ئاڭلاپ پەرھات قېشىغا چىقاردى. ئاندىن كىن ماما ئايتتى: مەن ئىشقىنىڭ دەردىدە يۈرۈپ بېشىم ئاقاردى، يېشىم چوڭ بولدى، مەن تېخى بەكرى قىز، مەنىڭ ئەتەگىمگە ھەش كىشىنىڭ قولى تەگمەدى، مەن مەشوقۇمنىڭ دەردىدە كەچە -

MIRAS

كۆندۈز چۆل ـ بىياباللاردا، تاغلاردا يىغلاپ يۈرىمەن، مەن ئاڭلىسام سىزما ئىشقىنىڭ دەردىدە تولا جاپالارنى تارتىپ، بۇ تاغ تۆپەسىدە ئۆي قىلىپ ئولتۇرۇپسىز. مەن ئېنى ئاڭلاپ سىزنىڭ بىلەن بىر دەم سۆزلۈشەي دەپ كەلدىم، دەپ بىر مۇنچا سۆزلەرنى قىلدى.

پەرھات مامىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئاشىقلىق دەردىنى تارتىپ يۈرگەن ئىكەن دەپ، پەرھات ئۆزىما ئاشىقلىقتىن تۆپەسىدە تارتقان جاپالىرىنى مامىغا بىر-بىر ئايتتى. ئاندىن كىن ماما قولىدىكى گۈلنى پەرھاتقا تۇتۇپ بەردى. پەرھات گۈلنى ئېلىپ پۇرىدى، ئاندىن كىن بىر ھۇش بولۇپ يىقىلدى. ماما مۆكتۇرۇپ قويغان ئول بەش يۈز كىشىنى قىشقىردى، ئۇلار كەلدى. ماما ئايتتى: پەرھاتنى بىر ھۇش قىلىپ يىقىتتىم، كىرىپ باغلاڭلار! دەدى.

ئول بەش يۈز كىشى كىرىپ پەرھاتنىڭ پۇتى-قولنى باغلاپ ئېلىپ كەتتى.

ئول ۋاختا شاپىر ئۇ يەردە يوق ئىدى، شىرىننىڭ قېشىغا كەتكەن ئىدى. ئاندىن كىن شاپىر كەلدى، كەلسە پەرھات يوق، كىشى كەلىپ باغلاپ ئېلىپ كەتىپتۇ. ئاندىن شاپىر يىغلاپ شىرىننىڭ قېشىغا كەلدى، بولغان ۋەقەلەرنى شىرىنغا ئايتتى. بۇ ئىكىسى پەرھاتنىڭ ھالىغا تولا يىغلىدى. بۇلار ئېلىپ بېرىپ پەرھاتنى قاتتىق ئازاپ بىلەن ئۆلتۈرۈر دەپ تولا يىغلىدى.

ئاندىن كىن پەرھاتنى باغلاپ ئول ماما پاتشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پاتشا پەرھاتنى كۆرۈپ تۇتۇپ كەلگەنىگە تولا خوشال بولدى، ئاندىن كىن مۇنى ئاپچىقىپ ئۆلتۈرۈڭلەر! دەدى. ئانداق دەگەندىن كىن ۋەزىرى ئايتتى: مۇنى ئۆلتۈرسەك ئوبدان ئەمەس، مۇنىڭ پۇتى-قولىغا تۆمۈردىن كىشەن سېلىپ، پالانى تاغدا بىر غار بار، ئاپىرىپ شۇڭا سولاپ ئەسسەك، ئېنى ساخلىغىلى بەش يۈز كىشى قويساق، ئېنى ساخلىغاللار تالاغا چىقارمسا، پەرھات بىر كۈنى شۇنىڭ ئىچىدە يېتىپ ئۆلەر، دەدى، مۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلگەنى ياخشى، دەدى.

دەگەندىن كىن پاتشا: شۇنداق قىلىڭلار! دەدى. پەرھاتنىڭ پۇتى ـ قولىغا تۆمۈردىن كىشەن سېلىپ، بەش يۈز كىشى ئېنى باقىپلى راسلاپ ئېلىپ بېرىپ، ئول غارىغا سولاپ تاشلىدى. پەرھات بىر مۇنچا كۈندىن كىن كەچەسى كىشەندىن بوشۇنۇپ چىقىپ، تاغدىكى يىلبۇسۇللار بىلەن كەچچە يۈرۈپ، ئۇلار بىلەن سۆزلەشۇپ، تاڭ يېقىن بولغاندا غارىغا يېنىپ كەلىپ كىشەننى پۇتى ـ قولىغا سېلىپ ياتىدۇ. ھەر كۈللىگى كەچەسى چىقىپ شۇنداق قىلىدۇ. مۇنى باققان ئول بەش يۈز كىشى بىلدى، بىر مۇنچىللىرى ئايتتى: مۇنى بېرىپ پاتشاغا ئاڭلاتىيلى! دەدى، بىر مۇنچا ئايتتى: ئاڭلىتىپ نەمە قىلىمىز؟ ئۆزى چىقىپ ئۆزى كەلگەندىن كىن، مۇنى پاتشاغا تۈندە بوشۇنۇپ چىقىپ كەتەدۇ دەسەك ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈر، مۇنۇڭ شۇنداق يۈرگەنى ياخشى، دەدى.

ئېنىڭ ئارىسىدا پاتشا ئىكى ـ ئۈچ قېتىم شىرىنگە ئەلچى ئەۋەتتى: پەرھاتنى تۇتتۇم، ئەمدى شىرىن ماڭا ئۆزىنى قوبۇل قىلسۇن! يوق دەسە ئەمدى مەنىڭ قولۇمدۇن قۇتۇلمايدۇ. شىرىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاغرىغان بولۇپ ياتتى، ئەلچىلەر كىرسۇن! دەدى. ئەلچىلەر كىرگەندىن كىن: مەن ئۇزاق بولدى ئاغرىدىم، ساقايغاندىن كىن پاتشا توي قىلىپ كەلىپ مەنى ئېلىپ كەتسۇن! دەدى. ئاندىن كىن ئەلچىلەر بېرىپ شىرىننىڭ ئاغرىگىنى، مەن ساقايغاندىن كىن توي قىلىپ كەلىپ ئېلىپ كەتسۇن! دەگەننى پاتشاغا ئايتتى. پاتشا بۇ سۆزگە تولا خوشال بولدى.

2014.6

يانا يوخلۇتۇپ يانا نەچچەن قېتىم كىشى ئەۋەتتى، ھەر قېتىم كىشى كەلگەنىدە بىر قىسما سۆز ئېيتىپ، كەلگەن كىشىنى ياندۇردى. ئاردا مۇنداق سۆزلەر تولا بولدى.

شىرىننىڭ يالغان ئاغرىق ئىكەننى ماما كىرىپ پاتشاغا ئېيتتى. شىرىن يالغان ئاغرىق، سىزگە ئاغرىدىم دەپ مەكرى قىلدۇ. ئېنىڭ خىيالى پەرھات بىر كۆنى بوشۇنۇپ كەلسە، پەرھاتقا تەگەمەن دەپ بۇ خىيالنى قىلدۇ. سىز پەرھاتنى ئۆلتۈرسىڭىز، ئاندىن كىن سىزگە تەگەدۇ. ماھىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ پاتشا بۇ ماما راس ئېيتىدۇ، دەدى. دەپ مۇنى ئەمدى قايداق ئۆلتۈرسەك بولۇدۇ؟ دەپ ماھىدىن سورىدى. ماما ئېيتتى: ئېنى ئۆلتۈرمەكلىك ئارسان، مەن بېرىپ شىرىننى پاتشا ئالدى دەسەم، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرەدۇ، دەدى. دەگەندىن كىن پاتشا ئېيتتى: بۇ ماما راس ئېيتىدۇ، دەدى. ئانداق بولسا بېرىپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ، پەرھاتنى ئۆلتۈرۈپ كەلگىن! ئاندىن سون مەن ساڭا تولا ئىلتىپاتلارنى قىلمەن، دەدى.

ماما پەرھات تۆرەپكە باردى، پەرھاتنىڭ قېشىغا يەتتى، بېرىپ غارنىڭ ئىچىگە كىردى، كىرىپ پەرھاتنى كۆرۈپ ھارامزادىلىك مەكرى يىغىسىنى يىغلىدى، ئاندىن كىن پەھاتقا بىر مۇنچا ياخشى سۆزلەرنى قىلدى، ئاندىن كىن ئېيتتى: ئەسلە خوتۇن كىشىدە ۋاپا يوق، دەدى. دەگەندىن كىن پەرھات سورىدى: ۋەقە نەمە؟ دەدى. دەگەندىن كىن ماما ئېيتتى: سىز سورىدىڭىز، مەن ئېيتمىسام بولماس؛ سىز شىرىننى دەپ مۇنچا جاپالارنى تارتىپ، تاغنىڭ ئىچىدە بەنت بولۇپ ياتسىز، سىزنىڭ مۇنداق بولغىنىڭىزدىن شىرىننى خەبەرى يوق، بۈگۈن ئون كۈن بولدى، پاتشاغا تەگدى، سىزنىڭ سۆزىڭىزنى بىرما قىلمايدۇ، پاتشا بىلەن تولا ئوبدان بولۇپ كەتتى. پاتشا شىرىننى ھەمە خوتۇنلىرىنىڭ چوڭى قىلدى، ھەلى بۇ ۋاختا ئول ئىشلەرگە خوشاللىق قىلىپ ياتىدۇ، دەپ بۇ سۆزلەرنى ئايتقاندىن كىن پەرھات ئۆزىنى تاشلارغا ئۇرۇپ ئۆلدى.

پەرھات ئۆلگۈننى يىلبۇسۇللار خەبەر تېپىپ كەلىپ ماھىنى ئۆلتۈرۈپ، ھەر قاسى تىشلەپ ماھىنىڭ ئۆلگىنى تىتىپ تاشلىدى، ئاندىن كىن يولباس، شىرلەر تاغنىڭ يىلبۇسۇللىرى پەرھاتنىڭ ئۆلۈگىنى ساخلاپ كىشى كەلتۈرمەي غارنىڭ ئاغزىدا ياتتى.

ئاندىن كىن پاتشا شىرىنغە يانا كىشى ئەۋەتتى، پەرھاتنى ئۆلتۈردۇم، ئەمدى شىرىن ماڭا تەگزۈن! دەدى، دەگەندىن كىن شىرىن پەرھاتنىڭ ئۆلگەننى ئاڭلاپ، ئۆزىنى تاشلارغا ئۇرۇپ تولا يىغلىدى، ئاندىن كىن كەلگەن ئەلچىلەرگە ئايتتى: پاتشا پەرھاتنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۆلۈگىنى ماڭا بەرسۇن! پەرھات مەنىڭ ئۈچۈن تولا جاپالار تارتقان، مەن ئۆزى قولۇم بىلەن پەرھاتنىڭ ئۆلۈگىنى كۆمەي، ئاندىن كىن پاتشاغا ئۆزەمنى قوبۇل قىلاي، دەدى. دەگەندىن كىن كەلگەن خاق پاتشاغا بېرىپ بۇ سۆزلەرنى قىلدى. پاتشا پەرھاتنىڭ ئۆلۈگىنى شىرىنغا بەردى. شىرىن مەپە ئېلىپ كەلىپ، پەرھاتنىڭ ئۆلگىنى ئۆزى شەھەرگە ئېلىپ باردى، ئاپ بېرىپ ئۆلگىنى بىر سارايغا ياتقۇزدى، ئانىسىغا ئايتتى: پەرھات مەنىڭ ئۈچۈن جاپالارنى تولا تارتتى، مەنىڭ دەردىمدە يۈرۈپ ئۆلدى، مەن ئۆلۈگىنىڭ قېشىغا كىرىپ بىر دەم ئولتۇراي! مەنىڭ بىلەن كىشى كىرمەسۇن! دەدى. شىرىننىڭ ئانىسى ئايتتى: ئانداق بولسا شۇنداق قىلغىن! دەدى.

شىرىن پەرھات ياتقۇغان ئۆيگە كىردى، ئىشىكلەرنى بەكىتتى، شىرىن بېرىپ پەرھاتقا ئۆزىنى ئانداق ئۇردى، بىرى - بىرىگە شىرمىشىپ كەتتى، كەتكەندىن كىن شىرىن ھەم ئۆلدى. شىرىن پەرھاتنىڭ قېشىغا كىرگەلى ئۇزاق بولدى چىقمايدۇ، بېرىپ ئانىسى ئىشىكتىن قىشقىردى ھەم ئۈن بەرمەيدۇ، ئىشىكلەرنى بۇزۇپ كىرسە شىرىن پەرھات بىلەن شىرمىشىپ كەتىپتۇ، شىرىمما ئۆلۈپتۇ، مۇنى كۆرۈپ ئانىسى كۆپ يىغلىدى، ئىككىسىگە بىر گور كولاپ، نامىسىنى ئوقۇپ، ئاجراتماي بىر گورغا كۆمدى.

بۇلار بۇ ئالەمدە بىر-بىرىگە ئاشىق بولۇپ جاپانى تولا تارتتى، بىر يەردە بولۇپ يۈردى، مۇنى خۇداي تائالا بۇ ئالەمدە تويىنى قىلمىدى. پەرھات-شىرىننىڭ تويى ئاخرەتتە بولۇدۇ، دەپ كىتاپتا ئايتىپ قويۇپتۇ، بۇلارنىڭ تويى قىيامەت كۈنى بولغۇداق.

تەييارلىغۇچى: **مۇختار مۇھەممەد**



MIRAS

# پروفېسسور ۋالدشمىت ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ قەدىمقى ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىلىرى

**گېڭ شىمىن**



پروفېسسور ئېرنست ۋالدشمىت گېرمانىيەدىكى داڭلىق سانسكرىت يېزىقى (سانسكرىتشۇناس) ئالىمى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى بۇددىزم سەنئىتى تەتقىقاتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ يەنە مەملىكىتىمىزدىكى داڭلىق ئالىم، پروفېسسور جى شيەنلىننىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 30 - ، 40 - يىللىرىدا گېرمانىيەدە ئوقۇغان ۋاقىتتىكى يېتەكچىسى ئىدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا، تۇنجى بولۇپ شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقى ئارخېئولوگىيە قېزىشلىقى قوزغالغان. ئارىدا 1902 - ، 1907 - يىللىرى ۋە 1913 - ، 1914 - يىللىرى، گېرمانىيە ئېلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئالبېرت گرۈنۋېدېل ۋە ئالبېرت فون لېكوك باشچىلىقىدا تۆت قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. ئالدىنقى ئۈچ قېتىمدا ئۇلار ئاساسلىقى تۇرپاننى، كېيىنكى قېتىمدا كۇچانى تەكشۈرگەن. ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق تەكشۈرۈش ۋاقتىدا، ئۇلار تۇرپاندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن قوچۇ قەدىمىي شەھەرى، سىڭگىم، مۇرتۇق، بېزەكلىك، تۇيۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تەكشۈرۈپ قېزىپ، ھەر تۈردىكى كۆپلىگەن قەدىمكى ئەدەبىيات ۋەسىقىلىرى (لېكوك 17 خىل يېزىق، 24 خىل تىل بارلىقىنى ئېيتقان)، تام رەسىملىرى، ھەيكەللەر ۋە باشقا قەدىمكى بۇيۇملارنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلار قولغا كەلتۈرگەن قەدىمكى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئەدەبىيات ۋەسىقىلىرى (ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇلارغا سېلىنغان نومۇر بەش خانىدىن ئېشىپ كەتكەن) ئىچىدە ئۇيغۇر (قەدىمكى ئۇيغۇرلار) تىلىدىن باشقا، توخرى تىلى (قەدىمكى كۇسەن، قاراشەھەر تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، خوتەن ساك تىلى، سوغدى تىلى، ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلى قاتارلىق تىللاردىكى ۋەسىقىلەرمۇ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىكەن.

تۆۋەندە پروفېسسور ۋالدشمىتنىڭ سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە سەنئەت جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

پروفېسسور ۋالدشمىت ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن گېرمانىيە گوتتىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھىندىشۇناسلىق بويىچە پەخرى پروفېسسورى ئىدى. ئۇ 1897 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تۇغۇلۇپ، 1985 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى 87 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ بىر ئۆمۈر ھىندىشۇناسلىق ۋە بۇددىزمشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئالدىنقى ئەسىردە (20 - ئەسىردە) گېرمانىيەدە ھىندىشۇناسلىق ۋە بۇددىزمشۇناسلىق بويىچە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇ 1919 - يىلى گېرمانىيەنىڭ شىمالىدىكى كىيىل ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، قەدىمكى ھىندى پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پروفېسسور پائۇل دېيۇسسېن ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى قەدىمكى توخرى تىلى ۋەسىقىلىرىنى (قەدىمكى كۇسەن تىلى، قاراشەھەر تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يېشىپ ئوقۇغان مەشھۇر ئالىم ئېمىل سېيگلاردىن تەلىم ئالغان. كېيىن ئۇ بېرلىندا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، گېرمانىيەلىك ھىندىشۇناس ھېنرىخ لۈدېرسنىڭ قولدا ئوقۇپ، 1924 - يىلى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ دوكتورلۇق ماقالە تېمىسى شىنجاڭدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقە «بىھىسۇنى پراتىموكسا سۇتراسى» ھەققىدىكى تەتقىقات ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بېرلىن مىللەتشۇناسلىق (ئېتنوگرافىيە) مۇزېيىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1929-يىلى بۇ مۇزېينىڭ ھىندىشۇناسلىق بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1930-يىلى بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھىندىشۇناسلىق بويىچە لېكتور بولغان. 1932-يىلىدىن 1934-يىلىغىچە، ۋالدىشمىت ئايالى روسې لىئونورى ۋالدىشمىت (ئۇنىڭ ئايالمۇ ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى تەتقىق قىلاتتى) بىلەن بىرلىكتە ھىندىستان ۋە سىرى لانكىدا ئۇزاق مۇددەتلىك ساياھەت ۋە تەكشۈرگەن بولۇپ، ھىندىستان ۋە سىرى لانكا خەلقلىرىنىڭ كۆپلىگەن ھۈنەر بۇيۇملىرىنى يىغقان، بۇلار ھازىر «ۋالدىشمىت يىغلىرى» سۈپىتىدە بېرلىن ھىندى سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

1936-يىلى، ۋالدىشمىت ئوقۇتقۇچىسى پىروفېسسور ئېمىل سىيېگنىڭ ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، گوتتىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا 1965-يىلى پېنسىيەگە چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا ھىندىشۇناسلىق بويىچە پىروفېسسور بولۇپ ئىشلىگەن. 1957-يىلى، ئۇ گوتتىنگېن شەھىرى خايىنباندىكى 21-نومۇرلۇق ئۆيىنى گوتتىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتى ھىندىشۇناسلىق ۋە بۇددىزم تەتقىقات ئورنىغا مەڭگۈلۈك ئىشخانا قىلىپ سوۋغا قىلغان.

پىروفېسسور ۋالدىشمىتنىڭ نامى 1902-، 1914-يىللاردىكى گېرمانىيەنىڭ تۆت قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ بۇلار ھەققىدە ئۇسلۇب ۋە يىلنامىشۇناسلىق بويىچە شىنجاڭ سەنئەت تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئەھمىيىتىنى يوقاتمىدى. ۋالدىشمىت گېرمانىيەنىڭ بۇددا سەنئىتى ھەققىدىكى چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلۈك كىتاب «شىنجاڭ بۇددىزمىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى قەدىمكى بۇيۇملار» ناملىق كىتابنىڭ يېزىلىشى ۋە نەشر قىلىنىشىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ يەتتە توملۇق يۈرۈشلۈك كىتابنى لېكوك باشلىغان، ئەڭ ئاخىرقى ئىككى تومنى (6-، 7-توملىرى) ۋالدىشمىت تاماملىغان (1928-، 1933-يىللىرى تاماملانغان). 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا بۇ بىر يۈرۈش كىتابلار يەنە ئاۋستىرىيەنىڭ گراز ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن قايتا نەشر قىلىنغان.

پىروفېسسور ۋالدىشمىت ھىندىستان سەنئىتى تەتقىقاتىغا بولغان قىزىقىشىنى قىلچە يوقىتىپ قويمىغان. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئۇ «بېرلىن ھىندى سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە مىنىياتۇرىلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئىككى توملۇق ئىلمىي ئەسەرنى يازغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە نېپال سەنئىتى ھەققىدىكى ئىنچىكە تەسۋىر كاتالوگى «نېپال: ھىمالايادىن كەلگەن سەنئەت بايلىقى» ناملىق كىتابنى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرغان (گېرمانچە نۇسخىسى رېچلىڭ خاسۇندا 1967-يىلى، ئىنگلىزچە نۇسخىسى 1969-يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان).

بۇ يەردە پىروفېسسور ۋالدىشمىتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بۇددىزم ۋەسىقىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا قوشقان تۆھپىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى كۆپ خىل بۇددىزم ۋەسىقىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات، تەھرىرلىك نەشرىياتچىلىقىدا باشلامچىلىق رول ئوينىغان. 1926-يىلى «بىھسۇنى پىراتىموكسا سۇترا» ھەققىدىكى دوكتورلۇق ماقالىسىنى نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، 1932-يىلى لېيپزىگدا بۇ ئەسەرنىڭ داۋامى سۈپىتىدە «شىنجاڭدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرىنىڭ پارچىلىرى ھەققىدە تەتقىقات»نى نەشر قىلدۇرغان. ئۇ (بۇددانىڭ توم، گوتتىنگېن، 1944-، 1948-يىللىرى نەشر قىلىنغان) ناملىق كىتابتىكى ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان «ماھاپارى نىرۋانا سۇترا»دىكى بارلىق دەپتەرلەرنى (پارچىلار) سېلىشتۇرۇپ دەلىللەپ تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا، سانسكرىت يېزىقىدىكى «ماھاپارى نىرۋانا سۇترا» (ئۈچ توم، بېرلىن، 1950 - 1951-يىللىرى نەشر قىلىنغان)، «كاتۇسپارىسات سۇتراسى»، (ئىككى توم، بېرلىن، 1953-، 1962-يىللىرى نەشر قىلىنغان). «ماھاپاۋادانا سۇترا» (ئىككى توم بېرلىن، 1953-، 1956-يىللىرى نەشر قىلىنغان) قاتارلىق نوملارنى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتابلار پالى يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى ۋە زاڭزۇ يېزىقىدىكى مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقىلەرنى ھەمدە فىلولوگىيەگە دائىر ئىنچىكە ئىزاھاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن، ئۇ بۇ ئەسەرلەر ئارقىلىق دۇنيا بۇددىزم ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا يېڭى نەمۇنە تىكلىگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ھەر خىل كەسپىي ژۇرناللار ۋە

خاتىرىلەشكە دائىر ماقالىلەر توپلىمىغا سانسكرىت يېزىقىدىكى باشقا ۋەسىقىلەر ھەققىدىكى سېلىشتۇرما دەلىللىك ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان. بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇنى 11 توملۇق «تۇرپاندىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» (1965-، 1975-يىللىرى) ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابنىڭ تەھرىرلىكىگە تەيىنلىگەن. ئۇ بۇ يۈرۈشلۈك كىتابلار ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن ھەمدە بۇنى ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مېتودولوگىيەلىك پىرىنسىپ بويىچە تەييارلىغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ كەسىپداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ بېرلىن يىغمىلىرى ئىچىدىكى سانسكرىت يېزىقىدىكى ھەممە ۋەسىقىلەرنى تەھرىرلەپ چوڭ تىپتىكى ئەسەر «تۇرپاندىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»نى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرغان. بۇ يۈرۈشلۈك كىتابمۇ «گېرمانىيە شەرقشۇناسلىقىغا دائىر ۋەسىقىلەر كاتالوگى»نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. 1986-يىلغىچە بەش توم (ۋېسبادېن، 1965-، 1985-يىللىرى نەشر قىلىنغان) نەشر قىلىنغان بولۇپ، 1000 دىن كۆپرەك ۋەسىقە پارچىسى ھەققىدىكى تەسۋىرلەشلەرنى (ھېكايىلەرنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئەڭ ئاخىرقى بىر تومى ۋالدىشمىت ۋاپات بولغاندىن كېيىن نەشر قىلىنغان. بۇ تۈر ھازىرمۇ ئىشلىنىۋاتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە ۋالدىشمىتنىڭ «تۇرپاندىن تېپىلغان بۇددىزم ۋەسىقىلىرىنىڭ سانسكرىتچە لۇغىتى»نى ئىشلەش خىزمىتىنى باشلىغانلىقىنى، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ گوتتىنگېن شەھىرىگە تەسىس قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

پىروفېسسور ۋالدىشمىت ئىلىم ئىشلىرىغا بارلىقىنى ئاتىغان بىر ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرى (پائالىيەتلىرى) گېرمانىيە ۋە دۇنيا ھىندىشۇناسلىق ۋە بۇددىزمشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ گوتتىنگېن پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، فىرانسىيە ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى، ئەنگلىيە خانلىق ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى، ھىندىستان ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي ئورگانلارنىڭ پەخرىي ئەزالىقىغا سايلانغان. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە خەلقئارا بۇددىزمشۇناسلىق بىرلەشمە جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي ئەزالىقىنىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. 70 ياشقا كىرگەن خاتىرە كۈنىدە، ئۇنىڭ «سەيلۇندىن تۇرپانغىچە» (1967-يىلى نەشرى، ئاخىرىدا ۋالدىشمىتنىڭ ئەسەرلەر كاتالوگى قوشۇمچە قىلىنغان.) ناملىق ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋە ۋارىسى خ. بېچېرت «ۋالدىشمىت ماقالىلىرىدىن تاللانما» (1989-يىلى نەشر قىلىنغان)نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى.

پىروفېسسور ۋالدىشمىت 1925-يىلى دۇنيادا تۇنجى بولۇپ قەدىمكى شىنجاڭنىڭ سەنئىتىنى تەتقىق قىلىپ يازغان «قەندىھار، كۇچا، تۇرپان: شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىكى (باشلىرىدىكى) سەنئىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان (چۈشەنچە)» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلغان. بۇ كىتاب تۆۋەندىكى باب، پاراگرافلاردىن تۈزۈلگەن.

**كىرىش سۆز**

ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمكى گىرېك بۇددا سەنئىتى

جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى سەنئىتى

كۇسەن (كۇچا) سەنئىتى — «توخرى مەزگىلى»

تۇرپان بوستانلىق سەنئىتى — ئۇيغۇر، خەنزۇ دەۋرى

**شىنجاڭدىكى ھەيكەللەر**

گېرمانىيە تۆت قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى پايدىلانغان ماتېرىياللار

كىتابتىكى قىستۇرما رەسىملەر (19 پارچە رەسىم بار)

سۈرەتلەر (66 پارچە سۈرەت بار)

بۇ كىتابنىڭ 1-بابىدا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى سەنئىتىنىڭ قەدىمكى گىرېك سەنئىتى بىلەن ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا پەيدا بولغان قەندىھار سەنئىتى ۋە ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ تەسىرلىرى بايان قىلىنغان. بۇ باب ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر قىسىمدا ھىنيانا مەزھىپى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان كۇسەن (كۇچا)، ئاگنىدىكى توخرىلارنىڭ بۇددىزم سەنئىتى (مىلادى 2-، 6-ئەسىرلەر) ۋە ماھايانا مەزھىپى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان قوچۇ (تۇرپان)دىكى ئۇيغۇرلار ۋە خەنزۇلارنىڭ بۇددىزم سەنئىتى (مىلادى 6-، 7-ئەسىرلەردىن باشلاپ 13-، 14-ئەسىرلەرگە قەدەر) ئىنچىكە تونۇشتۇرۇلغان، 3-قىسىمدا

شىنجاڭدىكى بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكى
بايان قىلىنغان. كىتابقا قوشۇمچە قىلىنغان 19پارچە قىس
تۇرما رەسىم ۋە 66 پارچە تاللانغان سۈرەتلەر قەدىمكى
شىنجاڭ بۇددىزىم سەنئىتى ئۇچۇن كۆرسەتمە خاراكتېرلىك
ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا،
پىروفېسسور ۋالدىشمىتنىڭ بۇ ئەسىرى شىنجاڭنىڭ
بۇددىزىم سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا كىلاسسىك ئەسەر دې-
يىشكە بولىدۇ (بۇ كىتاب چى شۇرېن بىلەن كەمىنە تەرىپى-
دىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى، پات ئارىدا جۇڭخۇا
كىتابچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدۇ).

پىروفېسسور ۋالدىشمىت دۇنياغا داڭلىق سانسك-
رىتشۇناس ئالىم بولۇپ، ئۇ ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭدىن
تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتىغا
بەك كۆڭۈل بۆلگەن. ھىندىستان ئىسسىق بولغاچقا،
قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى ساقلاشقا ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا
ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئەڭ قەدىمكى سانسكرىت يېزىقى
ۋەسىقىلىرىنىڭ (يازمىلىرى) ھەممىسى شىنجاڭ ۋە ئوت-
تۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. كۆپچى-
لىككە مەلۇمكى، شىنجاڭدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقى-
دىكى ۋەسىقىلەر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئىشلى-
تىلگەن تىل بۇددىزىم ساھەسىدە «ئارىلاشما
سانسكرىت تىلى» بولۇپ، بۇ كىلاسسىك سانسكرىت
تىلى ۋە كېيىنكى پالى تىلىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ يۇقىرىدا
دېيىلگەن شىنجاڭدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋە-
سىقىلەر ھەققىدىكى ئىككى يۈرۈش تەتقىقات كىتابى
ۋە« بىھسۇنى پىراتىموكسا سۇتراسى»دىن باشقا، يەنە
شىنجاڭدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى بۇددا دىنى
نوم پارچىلىرى تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ئەسەر ۋە ماقا-
لىلەرنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىملىرى تۆ-
ۋەندىكىچە:

«شىنجاڭدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى
بۇددا نومى پارچىلىرى ھەققىدە تەتقىقات»
«گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى»-
نىڭ 1932-يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان.

«بۈيۈك نىرۋانا نومى ھەققىدە تەتقىقات»
بۇنىڭدا تۇرپاندىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسى-
قىلەرنى ئاساس، شۇنىڭ بىلەن يەنە زاڭزۇ، پالى ۋە
خەنزۇ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ھەققىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ
بېرىلغان، ئۈچ توم بولۇپ، 1950-، 1951-يىلى نەشر قى-
لىنغان.

«كاتۇسپارىسات سۇتراسى (نومى)»
بۇددا دىنى راھىبلار گۇرۇھى قۇرۇلۇشىنىڭ دىنىي ئاساسى
(ئەمرۇ-مەرۇپلىرى) ھەققىدە ھەمدە تۇرپاندىن تېپىلغان
سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ئاساس، شۇنىڭ
بىلەن يەنە زاڭزۇ، پالى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر
ھەققىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان، ئۈچ توم بولۇپ،
1952-يىلى نەشر قىلىنغان.

«تۇرپان يىغما بۇيۇملىرى ئىچىدىكى ئوتتۇرا
ئاگاما نومىنىڭ پارچىلىرى ھەققىدە تەتقىقات»
«گوتتىنگېن پەنلەر ئاكادېمىيەسى خەۋەرلىرى»نىڭ
1956-يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان.

«تۇرپان يىغمىلىرى ئىچىدىكى سەۋەب-نەتىجە ماسلىقى ــــ ۋەسى-
قىلەر سېلىشتۇرمىسى» «گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق ئىلمىي جەم-
ئىيىتى ژۇرنىلى»نىڭ 1957-يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان.

«شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدىكى يېڭى نەتىجىلەر»
«شەرقشۇناسلىق ۋەسىقىلىرى»نىڭ 1959-يىللىق سانىدا
ئېلان قىلىنغان.

«تۇرپاندىن تېپىلىپ TM361 نومۇر سېلىنىپ خاتا
ئايرىلغان بىر پارچە سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقە ھەققىدە»
«ئۇرال-ئالتايشۇناسلىق يىللىق مەجمۇئەسى»نىڭ 1961-
يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان.

«بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان سانسكرىت يېزىقىدىكى ماي
باسما ۋەسىقىسى: ئوتتۇرا ئاگاما نومىنىڭ بەشىنچى بۆلى-
كى» 1963-يىلى.

«تۇرپاندىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقى ۋەسىقىلىرى-
دە ئالۋاستى» 1976-يىلى نەشرى.

بۇ يەردە يەنە پىروفېسسور ۋالدىشمىتنىڭ
تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى يەنە بىر تۆھپىسى، يەنى
مانى دىنىي ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىي-
دۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى
ئېلان قىلدى. مەسىلەن، ئۇ لەنتز بىلەن ھەمكارلىشىپ
تۆۋەندىكىدەك ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. «دۇن-
خۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇ يېزىقىدىكى مانى دىنىغا دائىر
مەدھىيە شېئىرلىرى» بۇ ماقالە «ئەنگلىيە خان جەمە-
تى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1926-
يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان ھەمدە ئۇنى كېيىن تولۇقلاپ

شۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان، «ئەيسانىڭ مانى دىنىدىكى ئورنى» بۇ ماقالە «پىرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى دوكلاتى»نىڭ 1926 - يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان، 1933 - يىلى «خەنزۇ ۋە ئىسلام تىلىدىكى مانى دىنى ئەقىدىلىرى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ 1928 - يىلى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىنلار — خىرىستىيان ۋە مانى دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىنى «گېرمانىيە تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1928 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلغان.

پىروفېسسور ۋالدىشمىتنىڭ شىنجاڭ سەنئىتىگە ئائىت تەتقىقات نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىچە: «شىنجاڭ ھىنايانا سەنئىتىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ راھىبلار» بۇ ماقالە «شەرقشۇناسلىق ۋەسىقىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1930 - يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان؛ «شىنجاڭدىكى بۇددا سەنئىتى — بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھىندىستان ۋە سەيلون بۇددا سەنئىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە» بۇ ماقالە 1933 - يىلى ئېلان قىلىنغان.

بۇ ماقالە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي يۇرت فىلولوگىيە تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن يىلدا بىر سان چىقىرىلىدىغان «غەربىي يۇرت فىلولوگىيەسى» ناملىق خەنزۇچە ژۇرنالنىڭ 2010 - يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان.

**ئىمىن تاجى تۇرگۇن تەرجىمىسى**

(ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

# شەپەرەڭ نېمە ئۈچۈن كېچىسىلا سىرتقا چىقىدۇ؟

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى قۇشلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان قاتتىق جەڭ بوپتۇ. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. شەپەرەڭ قايسى تەرەپكە ئۆتۈشنى بىلەلمەپتۇ. ئۇ ئويلاپ ئاخىرى كىم كۈچلۈك كەلسە شۇ تەرەپتە تۇرۇشنى قارار قىپتۇ. شەپەرەڭ بىر ئاز كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قۇشلار غالىب كەلگەندەك كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇچۇپ بېرىپ ئۇلارغا قوشۇلماقچى بوپتۇ.

— سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ بىر قۇش.

— كۆرمىدىڭلارمۇ، مەنمۇ بىر قۇش، قارا، مېنىڭ قانىتىممۇ سىلەرنىڭكىگە ئوخشاش، — دەپتۇ شەپەرەڭ.

— ئۇنداق بولسا بىز بىلەن بىللە ماڭ، باشقىلارنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ يۈرمە، — دەپتۇ ھېلىقى قۇش.

لېكىن، ئەھۋال تېزلا ئۆزگىرىپتۇ. ئەمدى ھايۋانلار غالىب كېلىدىغاندەك قىپتۇ. شەپەرەڭ قۇشلاردىن ئايرىلىپ ھايۋانلار تەرەپكە ئۇچۇپتۇ.

— سەن بىز تەرەپتە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپتۇ بىر ھايۋان.

— سەن پايلاقچىلىق قىلغىلى كەلگەن ئوخشىمامسەن؟ — دەپتۇ يەنە بىر ھايۋان.

— بىلمەمسەن، مەنمۇ سىلەرنىڭ بىر خىلىڭلارغۇ، — دەپتۇ شەپەرەڭ چىشىنى كۆرسىتىپ، — قاراڭلار، مېنىڭمۇ سىلەرنىڭكىگە ئوخشاش چىشىم بار.

— سەن كىمنى ئەخمەق قىلماقچى؟ — دەپتۇ ھايۋانلار، — بىز سېنى ھېلىلا قۇشلار تەرەپتە كۆرگەن تۇرساق.

شۇنداق قىلىپ ھايۋانلار شەپەرەڭنى قوغلىۋېتىپتۇ. قۇشلارمۇ ئۇنى ئۆز تopيغا قوشماپتۇ. قۇشلار بىلەن ھايۋانلار بىر - بىرىنى يېڭەلمەي ئاخىرى ئۇرۇشنى توختىتىپتۇ. ھەممە كەلگۈلۈك شەپەرەڭگە كەپتۇ. چۈنكى يا قۇشلار، يا ھايۋانلار ئۇنى ئارىسىغا ئالماپتۇ.

شۇندىن باشلاپ ، شەپەرەڭ كۈندۈزى سىرتقا چىقىشتىن نومۇس قىلىپ پەقەت كېچىسىلاسىرتقا چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

**ئېيتىپ بەرگۈچى: مەھكەم**

**توپلىغۇچى: پازىل قادىر** (ئەدلىيە مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

ئابدۇرۇپ نىياز داموللام

# مەدەنىيەت ۋە ئۆزلۈك ئېڭىمىز توغرىسىدا ئىككى كەلىمە



ھازىر دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مەدەنىيەت ۋە ئۆزلۈك ئېڭىمىزدا جىددىي ئۆزگىرىش ۋە يېڭى يۈزلىنىش بارلىققا كەلمەكتە. بۇ خىل ئۆزگىرىش ۋە يېڭى يۈزلىنىشلەردە ئىجابىي ئامىللارمۇ، سەلبىي مەسىلىلەرمۇ بىخلىنىپ چىقىشقا باشلىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق ۋەزىيەتتە جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۈچۈن، مەدەنىيەت ۋە ئۆزلۈك ئېڭىمىز قانچىلىك؟ دېگەن ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ قايتا ئويلىنىش زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇ ھەقتە بەزى چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

بىز دەۋاتقان مەدەنىيەت كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىلىم-پەن، سانائەت، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىكى يېڭى تەرەققىياتلار، ئۈچۈر لاشقان جەمگۇۋارلىققا ئىگە زامانىۋى دۆلەت مۇداپىئەسى، سەھىيە، ئەدەبىيات-سەنئەت، نەشرىياتچىلىق، ئورمانچىلىق، كۆكەرتىش، بىناكارلىق، قاتناش-ترانسپورت، سۇ ئىنشائىتى، قەدىمىي ئاسار ئەتىقە يادىكارلىقلىرى ۋە دىنىي ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق ھەر قايسى چوڭ ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ، ئىستېمال، ساياھەت، كۆڭۈل ئېچىش مۇھىت تازىلىقى قاتارلىق كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىگىچە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ سىرتىدا يەنە ئېلىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان كارخانا مەدەنىيىتى ۋە ھويلا-ئاران ئائىلە مەدەنىيىتىمۇ گۈللىنىشكە باشلىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بارلىق مەدەنىيەتنى ئەمگەكچى خەلق ۋە ھەر مىللەت كىشىلىرى ئورتاق يارىتىدۇ. ئەمما بۇ مەدەنىيەتنى يارىتىشتا ھەر بىر مىللەتنىڭ، جۈملىدىن، ھەر بىر شەخسنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ئالايلۇق، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىمۇ ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان. بۇنىڭ مىسالى ئۈچۈن كۆسەن مەدەنىيىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، قىزىل مىڭئۆيى، قۇمتۇرا مىڭئۆيى، قەدىمىي سۇ باش شەھەر خارابىسى قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئىزناسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشتىن بۇرۇن كۆسەن دىيارىدىن چىققان ئاتاقلىق ئالىم كۇمراجىۋانىڭ بۇددا نومىنى تەرجىمە قىلغانلىقى ۋە شەرھلەپ تەپسىر قىلغانلىقى، سۇجۇب، ئاقارى قاتارلىق داڭلىق مۇزىكانت ۋە شائىرلار مەيدانىغا كېلىپ كۆسەن مەدەنىيىتىنى جۇلالاندۇرغانلىقى، تاڭ شۇەنزاڭنىڭ غەربكە قىلغان ساياھىتىدە

كۇسەن دىيارىدا بىر مەھەل تۇرۇپ بۇددا مۇخلىسلىرى
بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ئىبادەت قىلغانلىقى، كۇمراجىۋا
سۇجۇب، ئاقارى قاتارلىقلارنىڭ تەكلىپ بىلەن خىشى كا-
رىدورى ئارقىلىق چاڭئەنگە بېرىپ تەپسىر ئىيتىپ
شاگىرت قوبۇل قىلغانلىقى، سۇجۇب ئاقارىلارنىڭ يېڭى-
يېڭى يۇقىرى سەۋىيەلىك مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىپ ۋە
ئورۇنلاپ چاڭئەنلىكلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ
خان ۋە ۋەزىرنىڭ ئالاھىدە ھۆرمەت ئىلتىپاتىغا مۇيەس-
سەر بولغانلىقى تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق خاتىرىلەنگەن.
يەنە، قومۇل، تۇرپان، كۇچادىكى بىر نەچچە ئەۋلاد
ۋاڭلار، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، ئۆز قەرەلىدە خان-
لارغا كۆرۈنۈش قىلىپ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا سا-
داقەتمەنلىك كۆرسىتىپ، تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن خانلار
تەرىپىدىن ھوقۇق ئىمتىياز بېرىلىپ ئەتىۋارلىنىشقا ئېرىش-
كەن. يەنە بىر مۇنچە ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن
سەرخىل قوشۇنلار يەرلىك توپىلاڭلارنى بېسىقتۇرۇپ دۆ-
لەتنى ئەمىن تاپقۇزۇشتا يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى
بىلەن ھەمدەمدە بولۇپ، مۇرىنى- مۇرىگە تىرەپ ئالدىن-
قى سەپتە جەڭ قىلىپ، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى
ئۈچۈن خاننىڭ نەزەرىگە ئېلىنىپ ئاۋات زېمىندىن سۇيۇر-
غاللىق يەر بىلەن تارتۇقلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مانا
ھازىر ئىچكىرىدىكى «سېرىق ئۇيغۇرلار» (خۇنەن ئۇيـ-
غۇرلىرى) ئەنە شۇ قەدىمكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ
ئەۋلادلىرىدۇر. مانا بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئە-
مەلىيەت. تارىخقا خاتا تەدبىر بېرىش، بۇرمىلاش ئەڭ
چوڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر، تارىخىي بىلىملەردىن ئۇنۇۋېر-
سال خەۋىرى يوق چەت ئەلدىكى بىر قىسىم ئەكسىيەتچى
كىشىلەر ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى قې-
رىنداش مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا ئېلىمىز بىلەن چەمبەرچاس
باغلانغان ئۇزاق يىللىق ئۇزۇلمەس تارىخىي مەدەنىيەت
رىشتىسىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزى بىلگەنچە
جۆيلۈپ بىلجىرلىماقتا. بۇ پەقەت جۇڭخۇا مەدەنىيىتىمىزگە
قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق ۋە ھاقارەتتىن باشقا نەرسە
ئەمەس. جۇڭخۇا ئېلىمىزنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي مەدەنى-
يەت مېۋىلىرىنى قوغداش ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇ-
رۇپ كېيىنكىلەرگە مىراس قىلىپ يەتكۈزۈش ھەر بىر
جۇڭگولۇقنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇر-
چىمىزدۇر. بۇ مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىپ
راۋاجلاندۇرۇش، شاكىلىنى ئېلىۋېتىپ مېغىزىنى ئېلىۋې-
لىپ بۇرۇنقىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن
ئىبارەت بۇ توپ ئۇلۇغ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا
ئىلىم- پەن روھى ۋە ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم
ئامىلغا تايىنىشىمىز كېرەك. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىللە مەدە-
نىيەت ئېڭىمىز ۋە ئۆزلۈك ئېڭىمىزنى زامانىنىڭ تەرەققىيا-
تىغا ماس ھالدا ئۆستۈرۈشىمىز ۋە يېڭىلىشىمىز كېرەك.
بۇنىڭ ئەكسىچە جاھان دېگەن مۇشۇ دەپ بۇرنىمىزنىڭ
ئۇچىنى كۆرۈپ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ بېكىنىۋال-
ساق ياكى نادانلىق بىلەن رادىكال خۇراپاتلىققا، بىدئەتچى-
لىككە ئىشىنىپ، بىر ئوچۇم يامان غەرەزدىكى كىشىلەرگە
قارىغۇلارچە ئەگەشسەك چوڭ خاتالىق سادىر قىلغان بو-
لىمىز، ئەلۋەتتە. 5000 يىلدىن ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيەتكە
ئىگە بۈيۈك جۇڭخۇا مەدەنىيىتىمىزنى ئېلىمىزدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بەرپا قىلغانلىقىنى ئېسىمىزدە
چىڭ ساقلىشىمىز لازىم.

**ئىلىم- پەن روھى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ ئاساسى**

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈك-
سىز ئۆستۈرۈپ مەڭگۈ روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن پۈتكۈل
جەمئىيەتتە ئىلىم- پەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز
كېرەك. ئىسلام دىنى ئەقدىسى بويىچە ئېيتساق،
«قۇرئان كەرىم»نىڭ 96 ـ ئەلەق سۈرىسىدىكى: «يارات-
قان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن (1 ـ ئايەت)
ئوقۇغىن پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر (3 ـ ئايەت)،
ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى (4 ـ ئايەت)، ئىن-
سانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى (5 ـ ئايەت)»
دېگەن بايانلار ئارقىلىق ئىلىم ئوقۇشنىڭ، خەت يېزىشنىڭ
ئىنتايىن مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن. يەنە تارىخىي مەنبەلەر-
دىن ئەينى زاماندا ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھاۋا ئانىمىزنىڭ
تېرىقچىلىق قىلغانلىقى، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمە ياسى-
غانلىقى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆمۈرچىلىك قىلغانلىقى،
ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ تىككۈچىلىك قىلغانلىقى ۋە
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغدا مال بېقىپ چارۋىچىلىق
بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. مانا بۇ ئىپتىدائىي
جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش ئېھتىياج تەلە-
پىنى قاندۇرۇشتىكى ئابىدە خاراكتېرلىك ئىلىم- پەن مەدە-
نىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاجايىپ زور كەشپىياتلاردۇر.

دەۋرىمىزنىڭ ھازىرقى ئىلىم-پەن نەتىجىلىرى بولسا ئەنە شۇلارنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «تەلەبۇل ئىلىم، ئەلەسسىين» دېگەن ھەدىسنىمۇ بايان قىلغان (ئوتتۇرىغا قويغان) بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «ئەگەر ئىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ ئىزدىنىپ بېرىپ ئوقۇڭلار» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلىم ئۆگىنىشتە مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىمۇ چەتكە قاقمىغان، بېكىنمىچىلىك قىلمىغان، مىللەت ئايرىمىغان، ئىلىم-پەننىڭ رايون ۋە دۆلەت چېگراسى بولمايدىغانلىقىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئالىبۇرۇن شەرھلىگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەقىللىق ساھابىلىرىدىن ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللا ئىبنى مەكتۇم قاتارلىقلارنى باشقا قەبىلە، باشقا رايون، باشقا دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تىل-يېزىقلىرىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئىسلام دەۋىتى ۋە دىپلوماتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن مۇشرىكلار (كۇپپارلار)نىڭ ساۋاتلىق بىلىملىكلىرىنى، مۇسۇلمان ئەرەبلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ بالىۋاقىلىرىنى ئوقۇتۇپ ساۋاتىنى چىقىرىپ بېرىش بەدىلىگە ئەسىرلىكتىن ۋە قۇللۇقتىن ئازاد قىلغان. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن بىز پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دانالىقىنى، ئىلىم-پەن روھىغا ئىگە ئاجايىپ كەڭ قورساق ئىلغار پىكىرلىك ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

مەرىپەت پېشۋاسى ۋە ئاتاقلىق ئىسلام ئۆلىماسى ئابدۇقادىر داموللام (1870— 1924) «ئەقايىد زۆرۈرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر) ناملىق كىتابىدا: «سوئال ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ھۆكۈمى نېمىدۇر؟، جاۋاب: ئىلىم ئۆگىنىش ئەر ۋە ئايالغا ئوخشاشلا پەرزدۇر، ئىلىم بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتكە ئېرىشىدىغان سەۋەبتۇر. سوئال مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب نېمە دۇر؟ جاۋاب: سەۋەب ئىككى، بىرى، بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق؛ ئىككىنچىسى، تەپرىقىچىلىك (بۆلگۈنچىلىك) ۋە ئىختىلاپتۇر. سوئال: ئىززەت-ئابرۇي نېمە بىلەن بولۇر؟ جاۋاب: ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر» دېگەن سەمەرىلىك دانا پىكىرلەرنى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنىڭ بىلىم ئىگىلەپ ئىلىم-پەن ئۆگىنىشىمىزنى بىلىمسىزلىك، نادانلىق، خۇراپاتلىق تەپرىقىچىلىك ۋە قاششاقلىق ھەم جاھىللىقتەك يامان ئىللەتلەرنى تاشلاپ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆم-ئىناق بولۇپ بەخت-سائادەت يارىتىشىمىزنىڭ لازىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى مەردانىلىك بىلەن تەۋسىيە قىلىپ چۈشەندۈرگەنىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئىلغار مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياققان ۋە قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ دەۋردىكى ئاز بىر قىسىم رادىكال مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرنىڭ ئورۇنسىز ئەيىبلىشىگە ۋە قارشىلىقىغا ئۇچراپ قەستلەپ زىيانكەشلىك قىلىنىدى. مىللىي ۋە سىنىپىي زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىن بولۇۋاتقان ئاشۇ دەۋردە يېتۈك ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ئىلىم-مەرىپەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەققانىيەتنى ياقلىغانلىق سەۋەبىدىن مىللەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ دۈشمەنلىرى جاھىل مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن قەست قىلىنىپ، ۋاقىتسىز ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ زور ئەپسۇسلىنارلىق پاجىئەدۇر ۋە مىللىتىمىز ئۈچۈن زور يوقىتىشتۇر.

### ئىتتىپاقلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئاساسى

بىزدە: «ئايرىلغاننى بۆرە يەر»، «ئەل-يۇرت ئامان بولسا، بەخت-ئىقبال داۋام بولۇر»، «ئىتتىپاقلىق — كۈچ، ئىتتىپاقلىق — غەلىبە» دېگەندەك ھېكمەتلىك سۆزلەر بار. ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەدىس كىتابلىرىدا: «مۇئمىن، مۇئمىننىڭ بۇرادىرى، ئۇ خۇددى بىر خىش يەنە بىر خىشقا ئۇلانغان بىر بىناغا ئوخشايدۇ.» يەنە بىر ھەدىستە: «ھەقىقىي مۇسۇلمان دېگەن قانداق بولىدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىلىپ: «ھەقىقىي مۇسۇلمان دەپ قول بىلەن بىر كىشىنى ئۇرمىغان، تىل بىلەن بىر كىشىگە ئازار بەرمىگەن، ناھەق قان تۆكمىگەن كىشىنى ئېيتىمىز» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دېمەك، بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز ئەزەلدىن تىنچلىقنى، ئىناقلىقنى، خاتىرجەم كىشىلىك تۇرمۇشنى سۆيىدىغان ۋە تەشەببۇس قىلىدىغان دىن بولۇپ، كىشىلەرنى ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ، پاك-دىيانەتلىك، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، ھەققانىي، ئادىل بولۇشقا چاقىرىدۇ. مەن بىر ئىسلام دىنىي مۇخلىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىسلام دىنىنى قىزغىن سۆيۈش بىلەن بىللە يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ

هازىرقى ئىنتىپاقلىق ۋە مۇقىملىق تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان
دەۋر روھى بىلەن ماس ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. هازىر
دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان بىر ئوچۇم ئەسەبىي رادىكال
ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ئېغىز-
بۇرۇن يالىشىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى ھەرى-
كەتلىرى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا
توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بۇ بىر ئوخلىماي
چۈش كۆرگەنلىك، خاتا جۆيلۈشتىن ئىبارەت. بۇ خىل
رەزىل كۈچلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسىگە ۋە ئەخلا-
قىغا تۈپتىن خىلاپ ئەسەبىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى،
ئىلغارلىقنى ياقلايدىغان، بەختلىك تۇرمۇشنى سۆيىدىغان،
يىراقنى كۆرەلەيدىغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەمگەكچى
خەلق ئاممىسى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ ۋە قەتئىي قارشى
تۇرىدۇ. دۇنياغا نەزەر سالىدىغان بولساق قايسى دۆلەتتە
مۇقىملىق، ئىنتىپاقلىق، ئەمىنلىك ئەمەلگە ئاشقان بولسا،
شۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى كۈنسايىن ياخشى
بولماقتا. ئۇنىڭ ئەكسىچە قايسى دۆلەتتە بۆلۈنۈش،
ئۇرۇش كۆپ بولسا، ھەم چىرىكلىك ئەۋج ئالسا، شۇ دۆ-
لەتنىڭ ئىقتىسادى چېكىنىپ ۋەيران بولۇپ، خەلقى نامرات-
لىق گىردابىغا ئىتتىرىلمەكتە. ئافغانىستان، ئىراق، لىۋىيە،
سۇرىيە، مىسىر، ئۇكرائىنا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردى-
كى توقۇنۇش، ئۇرۇش، ماجىرالار بۇنى ئەينەن ئىسپاتلى-
دى. يەنە قايسى ئائىلىدە ئۇرۇش بەدەل كۆپ بولسا،
ئىشلىرى ئىلگىرى باسماي، خاتىرجەملىك ۋە بەخت تۇي-
غۇسى بولمايدىغانلىقى ئېنىق. دىنىي دەستەك قىلىپ دىنىي
تونغا ئورىنىۋالغان بىر ئوچۇم ئەسەبىي كۈچلەر دىنغا ئېتى-
قاد قىلغۇچى بىر قىسىم ئاممىنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساددىلىقى-
دىن پايدىلىنىپ، تېررورىزملىق «تەبلىغ» تەشۋىقاتلىرى
ئارقىلىق ئېتىقادچى ئاممىنىڭ روھىي دۇنياسىغا جىھاد
قىلىپ شېھىت بولۇپ جەننەتكە كىرىشتىن ئىبارەت بۇزۇم-
لانغان ئەسەبىي رادىكال ئىدىيەنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى
قايمۇقتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.
بۇلارنىڭ ياۋۇزلۇقىدىن ھوشيار بولۇشىمىز، ئالدىنى ئېلى-
شىمىز ۋە «ئۈچ خىل كۈچ»لەرگە قاتتىق زەربە بېرىشى-
مىز كېرەك. ئۇيلاپ باقايلى قېرىنداشلار، بۈگۈنكىدەك
ياخشى كۈنلەر ئاسان قولغا كەلمىگەن. بۇنى ھەسسىلەپ
قەدىرلىشىمىز كېرەك. بايرىقىمىز روشەن، مەيدانىمىز
مۇستەھكەم ھالدا ئىنتىپاقلىق ۋە مۇقىملىق مەۋقەسىدە
باشتىن-ئاياغ چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە ئەمنى-
لىكىنى، مىللەتلەر ئىنتىپاقلىقىنى جان دىلىمىز بىلەن
قوغداپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بىلىق بىلەن
سۇدەك ئىجىل-ئىناقلىقىنى ۋە بۈنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ
بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىشنى چىقىش قىلىشىمىز لازىم.
ھەرقانداق يامان نىيەتلىك كىشىلەر ھامان كوچىدىن
ئۆتكەن چاشقان ئۇر-ئۇرغا قالغاندەك ئاقىۋەتكە قالىدۇ.
ئۇ بىر ئوچۇم ئەسەبىي كۈچلەر مۇقەررەركى تارىخنىڭ
ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ، قانۇننىڭ جازا-
سىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا بىز ھەر ۋاقىت ئۆزىمىزنى سەگەك
تۇتۇپ، ئىدىيەمىزنى ئۇزلۇكسىز يېڭىلاپ، ئازاد قىلىپ،
قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت بىلەن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت-
لەرنىڭ چەك-چېگراسىنى ئېنىق ئايرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلى-
كىنى، مىللەتلەر ئىنتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرى-
غاندەك ئاسراپ، دىنىي بايراقنى كۆتۈرۈۋالغان بىر
ئوچۇم يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك سۇيىقەست
ھىيلە-مىكىرلىرىگە توقۇپ چىققان ھەر خىل پەتۋالىرىغا
ئىشەنمەسلىكىمىز، قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىكىمىز، قانۇن
ئېڭىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، زامانىۋى ئىلغار مەدەنىيەتنى يې-
تەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈنسايىن ياخشىلىنىۋاتقان
بۈگۈنكى بەختىيار تۇرمۇشىمىزنى قەدىرلەپ، مۇقىملىق
ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋە-
تەننىڭ بىرلىكى ۋە دۆلەتنىڭ يەنىمۇ قۇدرەت تېپىپ گۈل-
لىنىشى ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن، ھەر ساھە
كىشىلىرى ئورتاق كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك. دىنىي
دەستەك قىلىپ، پەردازلانغان ئالىلقانداق «چىرايلىق ئەمىر-
مەرۇپ»لىرى بىلەن بىر قىسىم نادان كىشىلەرنىڭ كۆڭلى-
نى مايىل قىلىپ، روھىي دۇنياسىنى كونترول قىلىپ ئىگە-
لىۋېلىشقا ئۇرۇنۇغان بۇ بىر ئوچۇم رادىكال تېررورچى
ئۇنسۇرلار، ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مىللەتكىمۇ ۋە
دىنغىمۇ ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. شۇڭا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت
يېڭى يۈزلىنىش، يېڭى خىرىسلارغا دۇچ كېلىۋاتقان هازىر-
قى دەۋردە مەدەنىيىتىمىز بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتقان
بىر ھالقىلىق پەيتتە سىياسىي ئېڭىمىزنى ئۈزلۈكسىز يۇقى-
رى كۆتۈرۈپ، ھوشيارلىقىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ
ھەر مىللەت خەلقى ئۇلۇغ ۋەتەن قوينىدا ئانارنىڭ دانىسى-
دەك زىچ ئۇيۇشۇپ، يىمىرىلمەس يەنىمۇ مۇستەھكەم

ئىتتىپاقلىق قورغىنى هاسىل قىلىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىنىڭ بىرلى-
كىنى، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى جان تىكىپ قوغ-
دىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلۇغ جوڭخۇا ئېلى-
مىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان شىنجاڭنىڭ كېلەچە-
كى تېخىمۇ باي، باياشات گۈزەللىككە قۇچاق ئاچىدۇ.

بىزدىكى ئۆزلۈك ۋە دورامچىلىق

ئۆزلۈك دېگىنىمىز نېمە؟ ئۆزلۈك بىر قوۋم (قەبىلە)
ۋە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدىكى
ئۆزگىچە هاسىل قىلغان خاسلىقىدىن ئىبارەت. بىز ئېيتقان
ئۆزلۈك، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تىل-يېزىق،
بىناكارلىق، هەر خىل تۇرمۇش ئۇسۇللىرى، دىنىي ئېتىقاد
ئۆرپ-ئادەتلەرگىچە چېتىلىدۇ. هەرقايسى مىللەت كىشىلە-
رىنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئالاهىدىلىكى بولىدۇ،
ئەگەر ئۇ مىللەت ئاشۇ خاسلىقىدىن ئايرىلسا جەزمەنكى
ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقى-
نى يوقاتقان، يىلتىزىنى ۋە ئەجدادلىرىنى ئۇنتۇغان بولى-
دۇ. ئەجدادلارنى ئۇنتۇش ئاخىرقى هېسابتا ئوچۇق
قىلىپ ئېيتقاندا خائىنلىق ۋە تۇزكورلۇقتىن دېرەك بېرى-
دۇ. ئۇنداق مىللەت، دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا
هەرگىز پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. ئۇنداقتا قانداق
قىلىش؟ ئەلۋەتتە ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىۋى
مەدەنىيەتلىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا، زامانىۋى
ئىلغار مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشىمىز، يېتەكچى ئورۇنغا
قويۇشىمىز كېرەك. ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەت ۋە مەدەنى-
يەت هەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ
نەچچە 10 مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخىي
كەچمىشلىرى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى-
نىڭ جۇغلانغان هەم بىزگىچە يېتىپ
كەلگەن سەمەرىلىك هاسىلات ئىزنالىرى-
دۇر. بۇنىڭ كۆپلىگەن پايدىلىق تەرەپ-
لىرىنى قوغداشقا، ئۆرنەك قىلىپ كېيىن-
كىلەرگە يەتكۈزۈشكە بولىدۇكى،
هەرگىز يەڭگىلتەكلىك بىلەن چۆرۈپ
تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. بىزدە هازىر
ئىككى خىل ئىللەت شەكىللىنىۋاتىدۇ.
بۇنىڭ بىرى چەت ئەللىكلەرنى دوراپ
چېكىدىن ئاشقان هالدا هەررەڭ-
سەررەڭ، ئالا-بۇلماچ بولۇۋېلىپ مودا
قوغلىشىش هەم بۇنى زامانىۋىلىق دەپ قاراش. يەنە بىرى
بەك خۇراپىي بولۇۋېلىپ هىجابقا ئورۇنۇپ، روپاش قىيا-
پەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇزۇن چۇمبەللەرگە پۈركۈنۈۋېلىش،
هەتتا تومۇز ئىسسىقتىمۇ بۇرنىنى ماسكا تاقاپ ئېتىۋېلىش،
ئۆزلىرىنى پاكىستانلىق ياكى ئەرەبلەرگە ئوخشىشىپ ياسى-
نىۋېلىشتىن ئىبارەت. مانا بۇ ئىسلام دىنىي شەرىئىتىمىزدى-
كى هەر قانداق ئىشتا ئوتتۇرا يول تۇتۇش تەشەببۇسىغا
تۈپتىن خىلاپ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن يات قىلىق
بولۇپ، كىيىنىش، يۈرۈش-تۇرۇشىمىزدا ئەسلىدىكى ئۇيغ-
ۇرلۇق سالاهىيىتىمىزگە ۋە خاسلىقىمىزغا ئەسلا ماس كەل-
مەيدىغان هالەتلەردۇر. ئالا-بۇلماچ هەررەڭ-سەررەڭ
كىيىملەر بىلەن يۈرۈش بەزى نادان ياسانچۇقلار دېگەن-
دەك هەرگىز زامانىۋىلىق بولماستىن، بەلكى چاكىنىلىق ۋە
ئېپلاسلىقىدۇر. يەنە هەددىدىن زىيادە پۈركۈنۈۋېلىپ ئاف-
غانىستانلىقلارنى ۋە ئەرەبلەرنى دوراشنىڭ ئۆزىمۇ، رىيا-
كارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنىڭ
مۇنداق تېز هالەتتە ئۆزگىرىپ كېتىشكە چېكىدىن ئاشقان
ئەسەبىي خۇراپىي ئىدىيە، يەنە بىرى دورامچىلىق سەۋەب
بولۇۋاتىدۇ. بىز ئەجنەبىيلەرنىڭ هەممە كىيىنىش ئادەتلىرى-
نى دوراپ بولدۇق، ئەمما ئۇ ئەجنەبىيلەر بىزنىڭ هېچقايسى-
بىر كىيىنىش ئادەتلىرىمىزنى دورىماي ئۆز مىللىتىنىڭ خاس
كىيىنىش ئۆرپ-ئادىتى بويىچە يۈرۈۋاتىدۇ. تېخى كىشىنى
ئەپسۇسلاندۇرىدىغان قىزىق ئىش شۇكى، بەزى قىز، چو-
كانلىرىمىز نومۇسلۇق جايلىرىنى ئازراقلا يېپىۋالغاندىن



باشقا، دىلبەر ئەزالىرىنى نامايان قىلىپ كۆز ـ كۆز قىلغان-
دەك يالىڭاچلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ قانداقتۇر بىر مەدەنى-
يەتنىڭ نامايەندىسى بولماستىن، بەلكى چېكىدىن ئاشقان
ھاياسىزلىقتۇر. ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىمىز ئەزەلدىن ـ
ئەزەل ئىپپەت ـ نومۇسى ۋە شەرم ـ ھايالىقى بىلەن گۈزەل-
دۇر. ئار ـ نومۇسنى شەرم ـ ھايانى بىلمەيدىغانلار كەلگۈ-
سىدىكى ياراملىق ئانىلاردىن بولالمايدۇ، ھەم گۈزەل
ئەخلاق ـ پەزىلەت ئىگىسى قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ،
ھەم كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ نەپرەتكە ئۇچراي-
دۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بەك يۈركىنۈپلىش ۋە ياكى بەك يا-
لىڭاچلىنىپ كېتىش بولسۇن ھەر ئىككىلىسى رىياكارلىق ۋە
دۇرامچىلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ خۇددى «ئوڭچىل-
لىق» ۋە «سولچىللىق»تىن ئىبارەت ھەر ئىككىلا خاھىش-
نىڭ خاتا بولغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. كىيىنىش ۋە
يۈرۈش ـ تۇرۇشىمىزدىكى بۇ خىل ئىككى قۇتۇپلىشىش بە-
رىبىر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت سەھنىمىزدىن شاللىنىپ تاشلى-
نىدۇ. يېقىندىن بۇيان مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تەربىيەسىگە
بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئائىلە ئەخلاق تەربىيەسىنى يولغا قو-
يۇشنىڭمۇ مۇھىملىقى تەشەببۇس قىلىنىۋاتىدۇ، بۇ ياخشى
يۈزلىنىشنىڭ تۈرتكىسىدە ئائىلە ئەخلاق تەربىيەسى سىس-
تېمىلىق ۋە ئىزچىل يولغا قويۇلغاندا، ئىشىنىمىزكى مىللىتى-
مىزنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ئۆزلۈكسىز ئۆسۈپ، مىللىي ئۆرپ ـ
ئادەت ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدىكى ئىجابىي ئامىللار
ئىزىغا چۈشۈپ، يامان ئىللەتلەر تۈزىتىلىپ، زامانىۋى
ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە
خاس ئىنتايىن ساپ پارلاق مەدەنىيەتنى ئەۋلادلارغا
مەڭگۈ مىراس بولۇپ نۇر چاچىدۇ.

مۇنداق بىر ئەمەلىي مىسالنى قىستۇرۇپ ئۆتەي: نا-
ھىيەمىز بازىرىدىكى مەلۇم بىر قىز بۇرۇن مودا ياسىنىپ
يۈرگەن بولۇپ، تۇرۇپلا روپاش بولۇپ ئورۇلۇپ
يۈرگەن، بۇ ئۆزگىرىشتىن ئەجەبلەنگەن ئىجتىمائىي رايون
كادىرلىرى بۇ قىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ بۇنىڭ سەۋەبىنى
سورىغاندا، ھېلىقى قىز ئىككىلەنمەي: «مەن 28 ياشقا
كىرىپ قالغان بولساممۇ، ئەجنەبىيلەرنى دوراپ مودا ياسى-
نىپ يۈرگەنلىكىمدىن ماڭا كۆڭلۈمدىكىدەك لايىق چىقمى-
غانلىقى ئۈچۈن ھازىرغىچە ياتلىق بولۇپ ئەرگە تېگەلمە-
دىم، روپاش بولۇپ ئورۇنۇۋالغانلارنى ئىتتىك ئەر ئالى-
دىكەن، شۇڭا مۇشۇنداق جىلباب كىيىپ روپاش بولۇپ
ئورۇنۇۋالدىم» دېگەن. «قۇرئان كەرىم»دىكى: «ئاللاھ
سىلەرنىڭ تاشقى قىياپەتتىكى كۆرۈنۈشۈڭلارغا ئەمەس،
بەلكى قەلبىڭلارغا قارايدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى
بىلەن يۇقىرىقى ئىشلارنى ئۆلچىسەك بۇنىڭ نېمىنى چۈ-
شەندۈرىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. يېقىندا
شىنجاڭ تېلېۋىزىيەسىنىڭ مەدەنىيەت بوستانى پىروگرامم-
سىدىكى سۆھبەتتە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ پېن-
سىيۇنېر مۇخبىرى، «قەمبەر خانىم» ناملىق كىتابنىڭ مۇ-
ئەللىپى تۇرسۇنئاي خانىم سۆھبەتنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا
كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ سەھنىدىكى ئارتىسلىرى-
مىزدىن تارتىپ جەمئىيەتتىكى خانىم ـ قىزلىرىمىزغىچە
ھەررەڭ ـ سەررەڭ، ئالا ـ بۇلىماچ مودا چاكىنا كىيىنىشتىن
ساقلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك
مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاپ، كىيىنىش يۈرۈش ـ تۇرۇش ئادەت-
لىرىمىزدىكى مىللىي خاسلىقنى يوقىتىپ قويماسلىق ھەققى-
دە ئامىمىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىنتايىن ياخشى تەكلىپ
بەرگەندە سۆھبەت يىغىنىغا ئىشتىراك قىلغۇچىلار قىزغىن
ئالقىش ياڭراتتى. مېنىڭمۇ بىر قانچە يىل ئىلگىرى يازغان
«كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزدە ئەنئەنىۋى خاسلىققا ئەھ-
مىيەت بېرەيلى» ناملىق ماقالەم «شىنجاڭ گېزىتى»
2005 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان
قىلىندى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بۇ ماقالە مەر-
كىزىي خەلق رادىيوسىدا ئاڭلىتىپ كۈچلۈك ئىجابىي
تەسىر قوزغىدى. مەن بەزى يەرلەردە ئەرلەرنىڭ
پەقەت ئائىلىسىدە مۇسىبەت بولغاندىلا، ئاندىن باشلى-
رىغا رەسمىيەت ئۈچۈن دوپپا كىيىدىغانلىقىنى، ئاياللار-
نىڭمۇ پەقەت ئاشۇ مۇسىبەت ھازىسى جەريانىدىلا باش-
لىرىغا ياغلىق ئارتىدىغانلىقىنى ۋە بەزىلىرىنىڭ ئارتىدى-
غان ياغلىقى يوق، ياغلىق ئۈچۈن بوتكا، دۇكانلارغا
قاترايدىغانلىقى ۋە بىر ـ بىرىدىن ئارىيەتكە ئالىدىغانلى-
قىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ھەقىقەتەن يېرىم بولدى. چۈنكى
باشقا ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بولسا دوپپا بىلەن ياغلىقنىڭ
زۆرۈرىيىتى يوقتەك ئىكەن، ھەتتا ئاندا ـ ساددا بېشىغا
دوپپا كىيىپ ياغلىق ئارتقانلار ئۇچراپ قالسا: «سىلەر-
نىڭ ئائىلەڭلەردە بىرەرسى قازا قىلىپ مۇسىبەت
بولغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ سورىلىدىكەن. بۇ
خۇددى ھاراقكەش، بەڭگى قىمارۋاز، تەركىسالات، پا-
سىقلارنىڭمۇ ئائىلىسىدە مۇسىبەت بولسا بېشىغا سەللە

ئوراپ ئىخلاسمەن مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋالغاندەكلا
بىر ئىش ئىكەن، دېمەك مۇنداق رەڭۋازلىقلارمۇ ئەلۋەتتە
بىر كۈلكىلىك ئىشتۇر. بىزنىڭ ئۆزلۈك ئۆرپ-ئادەت
مىللىي مەدەنىيەت خاسلىقىمىز ئاللىقانداق ساختا داغۋاز-
لىق، رەڭۋازلىق ۋە ھەشەم دورامچىلىقلار بىلەن ئەمەس،
بەلكى ساداقەتمەنلىك بىلەن پاك دىل، ساپ نىيەت بىلەن
روناق تېپىپ جۇلالىنىدۇ. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ
ھەققىدىكى ئايرىم مەسىلىلەرگە كەلسەك بۇ ئىشلاردىمۇ
بىر قىسىم ئورۇنلاردا توينى مەسچىتتە ئۆتكۈزۈش،
نەغمە-ناۋا قىلماسلىق، نەزىر يېيىش ھارام، نەزەر بەر-
مەسلىك دېگەنگە ئوخشاش يېڭىدىن تۇرلۇك پەتىۋالارنى
بىلمى چولتا، نەزەر دائىرىسى تار يامان نىيەتلىك ئاز
ساندىكى «تالىپچاقلار» كۆتۈرۈپ چىقىپ، مۇسۇلمانلار
ئاممىسى ئىچىدىكى بىر قىسىم ساددا كىشىلەرنى دىنىي
دەستەك قىلىۋالغان تاققا-تۇققا ئەمىر-مەرۇپلىرى ئارقى-
لىق قايمۇقتۇرۇش نەتىجىسىدە ئەزەلدىن نورمال داۋاملى-
شىپ كېلىۋاتقان توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلىرىمىزغا
ئوخشاش ئەنئەنىۋى مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدە
قىسمەن تالاش-تارتىش، قالايمىقانچىلىقلارمۇ زاھىر بول-
ماقتا. بۇ ئەسلىدە ئىختىلاپ قىلىشىدىغان مەسىلىلەر بولمى-
سىمۇ، يامان نىيەتتىكىلەرنىڭ قۇتراتقۇلۇقىدىكى بۇنداق
قالايمىقانچىلىقلارنى ئاددىي كىچىك ئىش دەپ ھەرگىز
سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. تويدا چوقۇم ئۆز يارىشىدا
ئېلان ئۇچۇن نەغمە-ناۋا قىلىشنى ئىسلام شەرىئىتىمىز
چەكلىگەن ئەمەس ھەم توي-تۆكۈنلىرىمىزنى مەسچىتتە
ئۆتكۈزۈشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ھەم ئۆرپ-
ئادەت قائىدىلىرىمىزغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. توي-تۆكۈنلە-
رىمىزدە پەقەت ھاراق ئىچىپ جېدەل چىقىرىدىغان، ھايا-
سىزلىق قىلىپ ئاممىۋى تەرتىپنى بۇزىدىغان مەدەنىيەت-
سىز قىلمىشلارنى چەكلەش كېرەك. مەن 20 يىلنىڭ ئالدى-
دا قەشقەرگە ساياھەتكە بېرىپ قەشقەر شەھىرىدىكى
داڭلىق مەدرىسلەردە ئۇزاق يىل مۇدەررىسلىك قىلغان 90
ياشتىن ئاشقان پېشقەدەم مەشھۇر ئۆلىما، سۆيۈملۈك
ئۇستاز سۇلايمان داموللا ھاجىمنىڭ ئۆيىگە پاتىھە قىلىپ
كىرگىنىمدە بىر توي مەرىكىگە باشلاپ ئاپاردى.
سۇلايمان داموللا ھاجىم بېشىغا يوغان سەللە، ئۇچىسىغا
بەقەسەم تون كىيىۋالغان بولۇپ تولىمۇ ياراشقانىدى.
سالماق قەدەم بىلەن ھاسىغا تايىنىپ كېتىۋاتقان خىزىر
سۈپەت ئاپپاق ساقال بۇ مويسىپىت ئىنتايىن سۈر-ھەيۋەت-
لىك بولۇپ ھەر قانداق كىشى ئەيمىنەتتى. بىز توي
بولغان ھويلىغا كىرگىنىمىزدە ناخشا غەزەل توۋلاپ نەغمە-
ناۋا قىلىۋاتقانلار چىپىدە توختاپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ
سالام قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى. داموللا ھاجىم
ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن: «بۇ دېگەن
تويىنىڭ ئېلانى نەغمەڭلارنى قىلىۋېرىڭلار» دېگەندە
ئۇلار يەنە نەغمىسىنى باشلىۋەتتى. ناۋادا توي-تۆكۈنلەر-
دە نەغمە-ناۋا قىلىپ غەزەل ئېيتىش دىنىي شەرىئەتتە ھە-
قىقەتەن چەكلەنگەن بولسا، بۇ تەقۋادار كاتتا دىنىي ئالىم
ئۇلارنىڭ نەغمە قىلىشىغا ئىجازەت بەرمەي توسۇغان
بولاتتى. نەزىرنىڭ مەسىلىسىدە توختالغىنىمىزدا تۇل
خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، نامرات قەرزدار كىشىلەر نەزىر
بەرمىسىمۇ بولىدۇ، قاچانكى كۆڭلى ئۇنىمىسا كىچىك دائى-
رىدە ئاز ئادەم چاقىرىپ ئاددىي-ساددا بەرسىمۇ بولى-
دۇ، ئەمما ئىقتىسادىي شارائىتى يار بېرىدىغان كىشىلەر
نەزىر بېرىش ئارقىلىق خالىس چاقىرغان جامائەت بىلەن
دىدار كۆرۈشۈپ قۇرئان-تىلاۋەت قىلدۇرۇپ دۇئا-
تەكبىر ئۆتكۈزسە، ئۆزى يېنىكلەپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ،
كۆڭلى تەسەللى تاپىدۇ. مانا بۇ ھازىدارلارنىڭ پسىخىكى-
سىنى نورماللاشتۇرۇپ كۆڭلىنى تىنجىتىپ روھىي ھالىتىنى
تەڭشەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. قېنى مۇنداق خەير-
ئېھسان نەزىر بېرىشنىڭ قايسى يېرى يامان ئىكەن؟ شۇڭا
پېشقەدەم مەشھۇر ئۆلىما ئۇستازلارمۇ ھېچقاچان خەير-
ئېھسان نەزىر-چىراقلارنى چەكلىمەي قىچقارغان يەرلەر-
گە بېرىپ، خەتمە-قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا-تەكبىر قىلىپ
بەرگەن. شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، خەير-ئېھسان
نەزىرلەرگە يالاڭ-يىسىر كەمبەغەل، غېرىب-غۇرۇۋا
ئاجىز موھتاجلارنى ئايرىپ قويماي شۇلارنى كۆپرەك قى-
چقىرىپ غىزالاندۇرۇش ياخشىدۇر. يەنە بىرسى ئىقتىسا-
دىي ئەھۋالى يار بەرمەسلىك سەۋەبىدىن خەير-ئېھسان
قىلىپ نەزىر بېرەلمىگەنلەرگە سېلىق سالماسلىق، ئۇلارنى
تەڭلىكتە قويماسلىق ھەم كەمسىتمەسلىك كېرەك. مانا مۇ-
شۇنداق ئۇزاق يىللاردىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇدۇم-
ئادەتلىرىمىزنىمۇ ئىختىلاپ چىقىرىپ چەتكە قېقىش ھاجەت-
سىز، چۈنكى بۇ ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز قايغۇنى كۈچكە ئاي-
لاندۇرۇشتا پەرىشانلىقنى يوقىتىپ ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا
قىلىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى)



# ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈكچىلىك ـ كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى

ئابلاجان مۇھەممەد ئۈمىديار

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى پۈتۈكچىلىك ـ كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ۋەسىقىلىرىمىزدە ئاز ـ تولا ئۇچرايدۇ. ئەجدادلىرىمىزدا قەغەز ۋە يېزىش قوراللىرىنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ياسىلىشى ئاددىي، ئىشلىتىشكە قۇلايلىق بولغان يېزىش ۋە ئوقۇش قوراللىرىنى ئۆزلىرى ماھىر قوللىرى ئارقىلىق ياساپ چىققان. ئۇلار ئادەتتىكى ھۆسنخەتلەردىن تارتىپ، چوڭ لەۋھەلىك خەتلەرگىچە قەلەمدە يېزىپ كەلگەن. ھازىرقى تىلىمىزدىكى ئەرەبچىدىن كىرگەن خەت — قەدىمكى تىلىمىز بويىچە پۈتۈك دەپ ئاتالغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يازما شەكىلدىكى رەسمىي پۈتۈكلىرى ئاساسەن ئۆتتۈرىدىن ئاجرىتىلىپ ياسالغان قومۇش قەلەم ياكى ياغاچ قەلەملەردە يېزىلاتتى، قىسمەن غەيرىي رەسمىي پۈتۈكلەر ۋە تام رەسىملىرىنىڭ ئۈستىدىكى بېغىشلىمىلارنى يازغاندا، موي قەلىمى ئىشلىتەتتى. تىلىمىزدىكى «Qalam» ئاتالغۇسى پارس تىلىدىكى «Qalam»، سانسكرىت تىلىدىكى «Kalama»، گرېك تىلىدىكى «Kalamus» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا خەت ـ پۈتۈك ياكى كىتابلار «بېتىگ» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ پېئىل شەكلىدە قوللىنىلىشى «Biti» (يېزىش، يازماق، پۈتمەك)، ئىسىم شەكلى «بىتىگ» (مەنىسى: خەت، كىتاب، ماقالە ـ ئەسەر) دېگەن مەنىگە ئىگە ئىدى. تۈركىي تىللىق خەلقلەر كىتاب يېزىشنى «بىتىگ بىتمەك» دېيىشەتتى ۋە كىتابنىڭ يېزىلغانلىقىنى بايان قىلماقچى بولسا «بىتىگ بىتىلدى» ياكى «بىتىگ بەتىندى» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتەتتى ①. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، كىتاب كۆچۈرۈشنى بەزىلەر «بىتىگ يولماق» دېسە، بەزىلەر «بىتىگ كۆچۈرمەك» دەيدىغانلىقى مەلۇم. خەتتاتلار كىتاب يېزىپ پۈتتۈۋاتقاندا خاتا كەتكەن (خاتا كۆچۈرۈلۈپ قالغان) جايلىرىنى ئۆچۈرۈشنى «بىتىگ يوزماق» دەپ ئاتاشقان ②.

قەدىمكى ئەجدادلار ئەڭ دەسلەپ قومۇش ياكى قاتتىق ياغاچنىڭ ئۇچىنى ئۇچلاپ ئۇنى ئازراق قىرىۋەتكەندىن

كېيىن سىياھقا چىلاپ خەت يازغان. كېيىنكى دەۋردىكى يازما ۋەسىقىلەرنى كۆپىنچە كەسكەن قەلەم (قومۇش قەلەم ياكى ياغاچ قەلەم) بىلەن پۈتۈلگەن. قىسمەن يازما ماتېرىياللار ۋە تام رەسىم بېغىشلىمىلىرى موي قەلەم بىلەن يېزىلغان. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيەلىك تەزكىرىسى» ناملىق كىتابنىڭ 4-بابىدا: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى، ئۇلار بىرلىككە كېلەلمىگەن چاغلاردىمۇ مەدەنىيەت بۇيۇمى ۋە قەغەزلەرنى ئىشلەپ چىقىرالايتتى. ھايۋانلارنىڭ موي‌لىرىنى ۋە ئادەملەرنىڭ چېچىنى ماتېرىيال قىلىپ موي قەلەم ئىشلەتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا قومۇش، ياغاچ قەلەملەرنى يېزىش قورالى قىلاتتى. مىسنى ماتېرىيال قىلىپ ياسىغان قۇتىغا پاختا ۋە شۇ خىلدىكى يۇمشاق نەرسىلەرنى سېلىپ، ئۈستىگە سىياھ قۇيۇپ، قەلەم چىلاشقا ئىشلىتەتتى. بۇنى ‹دۇۋەت› دەپ ئاتايتتى. ئۇجمە دەرىخىنىڭ ياش نوتىلىرىنى ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ياسايتتى. قەغەزنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، يۈزى پارقىراق بولۇپ، خۇددى گاۋلىڭزى قەغىزىگە ئوخشاپ كېتەتتى» دېگەن بايانلار بېرىلگەن. مانا بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى 5-ئەسىردىن خېلى بۇرۇنلا يېزىقچىلىق قوراللىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى خاتىرىلەپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار قومۇش قەلەم ياكى ياغاچ قەلەمنى «قەلەم» دەپ ئاتىغان. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «ئۇچ-تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ، تۈركلەر قەلەمنى شۇنىڭدىن ياسايدۇ، ئۇنىڭدىن يەنە يىلىك، ھاسا قاتارلىق نەرسىلەرمۇ ياسىلىدۇ»③ دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

ئەجدادلىرىمىز «موي قەلەم»نى بولسا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «پىر» (« pir») ياكى «پىئىت» دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم. ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈكچىلىك - كىتابەتچىلىكتە ئىشلەتكەن ماتېرىيال-قوراللارنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق. بۇنىڭ ئىچىدە دۇۋەت، سىياھ ۋە كىتاب ئوقۇش سايمانلىرىمۇ ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە. بولۇپمۇ دۇۋەت ۋە سىياھلار ئالاھىدە يەرلىك ۋە مىللىي ئۇسلۇبتا ياسالغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك›تىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز كالىنىڭ مۈڭگۈزىدىن دۇۋەت (سىياھ قۇتىسى) ياساپ ئىشلەتكەن. بۇ ‹شۇتۇك› دەپ ئاتالغان. ‹دىۋان›دا يەنە ‹بىتگۈ› سۆزىنىڭ ‹تۈرك دۇۋىتى› بىزگە شۇ دەۋردە تۈركىي خەلقلەردە كىتاب يېزىش ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە خېلى ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلالايدۇ» ④. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار يېقىنقى زامانغىچە خەتتاتلىق، پۈتۈكچىلىك، كاتىپلىق ئىشلىرىدا ياغاچ قەلەم بىلەن خەت يېزىپ پۈتۈك-كىتاب ۋە ھۆججەتلەرنى پۈتكەن. قەدىمكى كىتاب-ۋەسىقىلىرىمىزدىكى ئۇچۇرلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈكچىلىك-كىتابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ خانلىق ئوردا ياكى يەرلىك ھۆكۈمەت دىۋانخانىلىرىدىكى پۈتۈكچىلىك ۋە جامائەت ئارىسىدىكى ئاۋام پۈتۈكچىلىكى دەپ ئىككى خىل بولغان. ئوردا دىۋانخانىلىرىدىكى پۈتۈكچىلەر «ئىلىمگا» دەپ ئاتالسا؛ ئاۋام خەلقنىڭ خەت-پۈتۈك ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى «بىتكۈچى» (كېيىن ئۆزگەرگەن شەكلى پۈتۈكچى) دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇرلار يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا پۈتۈكچىلىك-كىتابەتچىلىكنى خاسىيىتى زور، ئۇلۇغ كەسىپ دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنگەن. بۇ خىل ئەنئەنە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى «ئالتۇن يارۇق»دىكى ئەسەر تېكىستىنىڭ كۆچۈرۈلۈشىگە دائىر تەپسىلاتلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. پۈتۈكچىلىك خاسىيەتلىك ۋە ساۋابلىق ئىش دەپ قارىلىدىغان بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىشى ئىسلام دىنىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك خاھىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «قۇرئان كەرىم»دىكى بىر ئايەتتە: «پەرۋەردىگارىمىز بىزگە قەلەمدە خەت يېزىشنى ئۆگەتتى» ⑤ دېگەن ئۇچۇرلار بار. بۇ بىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان كىتاب ۋە قەلەمنى ئۇلۇغ بىلىشىنىڭ ئىدىيەۋى ئېتىقاد ئاساسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قەغەز ئەرەب تىلىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى خەت يېزىش، خەت پۈتۈش ماتېرىيالى دېگەنلىك بولىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى «بىتىگلىك ئەر» سۆزىنىڭ «قەغىزى بار ئادەم» ⑥ دەپ ئىزاھلانغانلىقىغا قارىغاندا، «بىتىگ» سۆزى يەنە خەت يازىدىغان قەغەز ياكى يازما دېگەن مەنىلەرگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ سىياھنى ياساش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش تارىخىمۇ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قىياتاش رەسىملىرىدە تاشقا ئويۇلغان سىزما رەسىملەرنىڭ بەزىلىرىگە رەڭ ياكى بوياق بېرىلگەن بولۇپ، بۇ خىل ھادىسە بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي سىياھ-رەڭ چۈشەنچىسىدىن ئۇچۇر بېرەلەيدۇ. ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋردە

لەيلقازاق گۈلنىڭ گۈل- چېچىكىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئۇنى ئېزىتىپ سىياھ- رەڭ ياساپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ خەت- پۈتۈكلەرنى يازغان. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئۇنى ياساشنىڭ ئۇسۇللىرىمۇ كۆپ خىللاشقان. ئەجدادلىرىمىز يەنە قازاننىڭ كۈيىسىنى قازاننىڭ تېگىدىن پاكىز قىرىپ ئېلىپ، ئۇنى شىرنە، ماي قاتارلىق يېپىشقاقچانلىقى كۈچلۈك نەرسىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەبىئىي سىياھ ياساپ چىقىپ ئۇنىڭدا خەت يازغان. ئۇلار يەنە بىر خىل ئۇسۇل، قەدىمكى قارا چىراغنىڭ ئىسىدىن پايدىلىنىپ سىياھ- رەڭ ياساپ چىققان. بۇنىڭدا پىلىك ئارقىلىق ماي كۆيۈپ يانىدىغان قارا چىراغ (ساپال چىراغ دەپمۇ ئاتالغان) ئۆينىڭ مەلۇم جايىغا (تەكچە ياكى تۈۋرۈككە) مۇقىم ئورۇنلاشتۇرغان، ئاندىن چىراغنىڭ ئۈستىگە 30- 40 سانتىمېتىر ئارىلىق قويۇپ، تۈنۈكە، قەلەيدىن ياسالغان ئىس تارتقۇ قويۇلغان، چىراغنىڭ ئىسى مۇشۇ ئىس تارتقۇغا يىغىلغان. ئۆي ئىگىسى مۇشۇ ئىس تارتقۇنى پات- پات قىرىپ تازىلاش جەريانىدا ئۇنى يىغىپ قويۇپ، ئۇنى يۇمشاق ئېزىپ ماي ياكى باشقا سۇيۇق نەرسىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئېزىتىپ سىياھ قىلىپ ئىشلەتكەن. بۇ تەبىئىي ياسالغان يەرلىك سىياھ ئىدى. ئەجدادلىرىمىز راك دەپ ئاتالغان رەڭ- بوياقنىمۇ ئىشلەتكەن، ئۇنىڭدىن ياسىلىپ چىققان بويۇم زاگكا دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار يەنە زەپە سۇيىدىن ياسالغان نىل رەڭ بوياقلارنىمۇ ئىشلەتكەن. بۇ خىل رەڭ- بوياقلاردا كىتابلارنىڭ ماۋزۇ ۋە ئايرىش بەلگىلىرىنى ئالاھىدە ئىپادىلەپ يېزىپ چىققان، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز قارا رەڭنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى، ئاسان ئۆڭمەيدىغان، كۆزگە زىيانسىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى بايقىغان. سىياھنى قارا رەڭنى ئاساس قىلىپ ياساپ چىقىپ، كىتاب- پۈتۈكلەرنى يېزىشقا ئىشلەتكەن. ئۇيغۇرلاردا خەت كۆچۈرگۈچى ياكى پۈتۈكچى موللام دەپ ئاتالغان مەخسۇس پۈتۈكچىلىك قىلىدىغان ئادەملەر بار بولغان. ئۇلار ھەر كۈنى قازىخانىلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ خەت- پۈتۈك يېزىشقا ئېھتىياجلىق كىشىلەرنىڭ ئەرز- دەۋا، ھۆججەت - توختاملىرى ياكى سالام خەتلىرىنى يېزىپ بېرىپ، بەزىلىرى باشقىلارغا كىتابلارنى كۆچۈرۈپ بېرىش بەدىلىگە تىرىكچىلىك قىلغان. شائىر نىزارىمۇ بىر مەزگىل مۇشۇ كەسىپنى قىلغان. شائىر نۆۋبىتى، نىزارى قاتارلىق كىشىلەرمۇ بىر مەزگىل مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان. پۈتۈكچىلەر خۇددى ياغاچچىنىڭ شال تىلىشتىن بۇرۇن ياغاچقا تۈز قارا سىزىق چېكەدىغان تانىغا ئوخشاش بىر بېشى تومراق، يەنە بىر تەرىپى ئۇزۇنراق بولغان كۆندىن ياسالغان مەخسۇس قەلەم، دۇۋەت- سىياھ سالىدىغان قاپچۇق ئىشلەتكەن. بۇ قەلەمدانىنى قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن پۈتۈكچىلەر بەزىدە بېلىگە ئېسىۋالىدىغان ئادەتلەر بار بولغان. بۇ قەلەمداننىڭ توم تەرىپىگە دۇۋەت، ئۇزۇنراق تەرىپىگە قەلەم سېلىنغان. دۇۋەت ـــ ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدا «دۇۋەت ـــ سىياھ قاچىلايدىغان مەخسۇس قۇتا، سىياھ قۇتىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ⑦.

ئۇيغۇرلار كىتاب ئوقۇش جەريانىدا كىتابلارنى رېيىل ئۈستىگە قويۇپ ئوقۇغان. رېيىل ياغاچتىن ياسالغان قاتلىنىدىغان قورال بولۇپ، كىتابلارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئوقۇغاندا ئوقۇشقا قولايلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كىتاب بىلەن كۆزنىڭ كۆرۈش ئارىلىقىنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقىنى ساقلاپ چارچاشنى ئازايتقىلى بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز يەنە كىتاب ئوقۇغاندا خەت كۆچ دەپ ئاتالغان ياغاچتىن ياسالغان ئاددىي قورالنىمۇ ئىشلەتكەن (بەزىدە قاتتىق قەغەزدىن ياسالغان). بۇ كىتاب ئوقۇغۇچىنىڭ كىتابتىكى ئۇششاق خەتلەرنىڭ قۇرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنى كۆرۈشكە قولايلىق يارىتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كىتابنى ئوقۇۋېتىپ ئارىلىقتا توختىغان جايىغا قىستۇرۇلۇپ، كېيىنكى قېتىم داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇغاندا شۇ جاينى پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان.

ئىزاھات:

① رىشات گەنج «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دىن 11- ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 273- بەت.

② رىشات گەنج «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىن 11- ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 274- بەت.

③، ④ مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1- توم، 49-، 50- بەتلەر.

⑤ «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە 1- نەشرى، 694- بەت.

⑥ مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1- توم، 466- بەت.

⑦ ھەمدۇللا ئابدۇراخمان قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 251- بەت.

(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى دوتسېنتى، ماگىستىرلار يېتەكچىسى)



# ئۇيغۇرلاردا كاۋاپ مەدەنىيىتى

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

**ئۇيغۇر كاۋاپ مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشى**

زامانىمىزدىكى دۇنيا غىزا ـ تائام مەدەنىيىتى ساھەسىـدە يۇقىرى شۆھرەت قازانغان، ئىستېمال ئوبيېكتى ئەڭ كۆپ، تۈرى ۋە شەكلى خىلمۇخىل، مەززىلىك، تەملىك، يېيىشلىك، قۇۋۋەتلىك، تەمى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ماختىشىغا ۋە ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن ئېسىل كاۋاپلىرىمىزنىڭ بىزنى دۇنياغا تونۇتۇشتىكى رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايـدۇ.

دىيارىمىزدىكى سەيلە ـ ساياھەت پائالىيىتىنىڭ كۈنساـيىن جانلىنىپ، ئاۋاتلىشىپ، قىزىپ كېتىشى، دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدىن كەلگەن نەچچە مىليون ئادەمنىڭ دىيارىمىزغا كېلىپ سەيلە ـ ساياھەتتە بولۇشى، «قاشتېشى بايرىمى»، «ئۈزۈم بايرىمى»، «قوغۇن بايرىمى»، «قار ـ مۇز بايرىـمى»، «ئۇسسۇل بايرىمى»، «سەنئەت بايرىمى»... دېـگەندەك نەچچە ئون خىل خەلقئارالىق بايراملار ۋە يەرـمەنكىلەرنىڭ دىيارىمىزدا كەينى ـ كەينىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى ئۇيغۇر كاۋاپلىرىنى خەلقئارا جامائەتچىلىككە كەڭ ـ كۈشاـدە تونۇشتۇرۇش پۇرستى بىلەن تەمىنلىدى، بولۇپمۇ ئۆرپ ـ ئادەت ساياھەتچىلىكىنىڭ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگىچە كېڭىيىشى ئۇيغۇر تائاملىرىنى خەلقئاراغا تونۇتتى.

ئەزىز مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە لايىق سالاھىيەتكە ئىگە مەززىلىك، خۇش پۇراق ئۇيغۇر كاۋاپلىرى ئۆزىنىڭ يەرلىك مىللىي خاسلىقى، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلارلىق سېھرىي كۈچى بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى مىڭلىغان چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەردە بازار تېپىپلا قالماي، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ بۆسۈپ كىردى، دۇنياغا يۈزلەنـدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، توكيو، لوندون، موسكۋا،

نيۇيورك، پارىژ، ئامستېردام، يېڭى دېھلى... قاتارلىق يۈزلەرچە خەلقئارلىق مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ كوچىلىرىدىمۇ مەززىلىك، ئۆزگىچە پۇراقتا ئىگە ئۇيغۇر كاۋاپلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. بۈگۈنكى كۈندە غايەت زور يېمەك-ئىچمەك سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئۇيغۇر تائاملىرى ئىچىدە كاۋاپ مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ خاسلىقى، ئالاھىدە پىشۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىق ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئىستېمال قىلىدىغانلار يىلسېرى ھەسسىلەپ كۆپەيمەكتە. شۇڭا كاۋاپنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە ئېلىپ كېلىدىغان كاتتا شان-شۆھرىتىنى، ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى، خەلقئارادىكى مىللەتلەر تائام مەدەنىيىتى ئالماشتۇرۇشتىكى رولىنى، مىللەتلەر ئارا دوستلۇق ئالاقىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

## ئۇيغۇر كاۋاپ مەدەنىيىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى

ھەرقانداق بىر غىزا-تائامنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى شۇ خىل تائامنى ئىختىرا قىلغان خەلقنىڭ ياشاش شارائىتى، جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى، ھاۋا كىلىماتى، مۇھىتى، ئىقلىمى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تىرىكچىلىك مىزانى، تائام تەييارلاش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادىتى، جۈملىدىن شۇ يەردىن چىقىدىغان تائام خام ئەشياسى قاتارلىقلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەسىرلەردىن بۇيان دىيارىمىزدىن ئىبارەت بۇ قۇرغاق رايوندا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىگە ئۆتۈشتىن ئىلگىرى گۆش مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس ئىستېمال ئوبيېكتى قىلغان، كاۋاپ مەدەنىيىتى دەل گۆش مەھسۇلاتى بولۇپ، ئۇ دىيارىمىزنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

تائاملارنى ئومۇمەن تەييار (خام) تاماقلار، پىشۇرۇلغان گۆش ياكى ھايۋان ئەزالىرى تائاملىرى ۋە پىشۇرۇلغان ئۇن غىزالىرى (بۇنىڭ ئىچىگە پىشۇرۇلغان زىرائەت، پۇرچاق دانلىرى قاتارلىقلارمۇ كىرىدۇ). قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. قەدىمدىن دىيارىمىز مەركىزىي ئاسىيانى (ئۆزىنىڭ) ئانا ماكانى قىلىپ، بۇ بىپايان زېمىندا ئاۋۇپ، كۆپىيىپ، جامائەتلىشىپ كەلگەن ئەجدادلار يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپ بۈگۈنكى كۈنگىچە بۇ ئۈچ خىل تۈردىكى تاماقلاردىن كەڭ غىزالىنىپ كەلگەن①. بۇلارنىڭ ئىچىدە كاۋاپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ دەسلەپكى تائامى ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئانا دىيارىمىز قەدىمكى غەربىي يۇرت (جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا) نۇرغۇن غىزا-تائام تۈرلىرى ئاپىرىدە بولغان ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بۆشۈكلىرىدىن بىرى. بۇ يەر ئاسىيا قىتئەسىنىڭ دېڭىز-ئوكيانلاردىن يىراق بولغان قۇرغاق ئوتتۇرا بەلبېغىغا جايلاشقان، ئەتراپى ئاسىيادىكى ئەزىم تاغلار-ئالتاي، تەڭرىتاغ، پامىر، قۇرام، قارا قۇرۇم، ئالتۇن تاغلىرى بىلەن ئورالغان، باغرىنى ھارارەتلىك تەكلىماكان چۆللۈكى كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان ھازىرقى شىنجاڭ رايونى نەچچە 10 مىڭ يىللىق ئىپتىدائىي ھايات مېلودىيەسى بىلەن تارىخقا كىرىپ كەلگەن. دىيارىمىز ئاھالىلىرىنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرى بۇ زېمىندا توپ-پادىلىق، ۋارۋارلىق، ياۋايىلىق، نادانلىق دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇزاق داۋام ئەتكەن تاش قوراللار دەۋرىگە خاس ئىپتىدائىي «كاۋاپ مەدەنىيىتى»نى ياراتقان. قىسقىسى، كاۋاپنىڭ دىيارىمىزدىكى ئىپتىدائىي چارۋىچى خەلقلەر ھاياتىدا ناھايىتى يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى شۈبھىسىز②.

ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئەجدادلار تەييار (تەبىئىي) نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىدىغان ھاياتتىن چارۋىچىلىق ھاياتقا قەدەم قويۇش بىلەن تەڭ گۆش، ياغ، سۈت، قىمىز، قېتىق، قايماق، قۇرۇت، ھېسىپ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىدىغان بولدى، بولۇپمۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن ئوزۇقلىنىدىغان ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئارخېئولوگىيەلىك يادىكارلىقلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىنسانلارنىڭ پىششىق ئوزۇقلۇق تەييارلاشتىكى ئەڭ دەسلەپكى ئۇسۇلى خام ئەت-گۆشنى قىزىتىلغان تاشنىڭ ئۈستىگە قاقلاشتىن ئىبارەت بولغان③. قەدىمدىن دىيارىمىزدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلارمۇ ئوۋچىلىق دەۋرىدە ئوۋ گۆشىنى تاشنىڭ ئۈستىدە قاقلاپ پىشۇرۇپ يەيدىغان بولغان ھەمدە دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاشۇ دەسلەپكى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇشتىن زىخقا ئۆتكۈزگەن كاۋاپنى پەيدا قىلدى. كاۋاپنىڭ بارلىققا كېلىشىدە يەنە مۇنداق بىر سەۋەبمۇ بولۇشى مۇمكىن: بىرەر ئورمانلىق ياكى قاشالانغان دائىرىگە ئوت كېتىپ، ئوت يېيىلغان دائىرىگە قاپسىلىپ قالغان ھايۋانلارمۇ كۆيۈپ ئوت پەسەيگەندىن

كېيىن، ئادەملەر بۇ كاۋاپ بولۇپ قالغان ھايۋان گۆشلىرىنى تېتىپ بېقىپ، ئۇنىڭ خام گۆشكە قارىغاندا تەملىك ئىكەنلىكىگە قايىل بولماي قالمىغان، شۇنىڭ بىلەن خام گۆشلەرنى ھەر خىل ئاماللار بىلەن پىشۇرۇپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن بولسا كېرەك ④.

1986 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگلىرى چەرچەن ناھىيەسىدىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىنى قازغاندا، M2 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن پاقالان گۆشى كاۋىپىنى تاپقان ھەم بۇ قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرىنى بۇنىڭدىن 3000، 6000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ دەپ ئېلان قىلغان. («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1986 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 1 ـ سان، 5 ـ ، 10 ـ بەتكە قاراڭ).

يۇقىرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك ماددىي ئىسپاتلار بىلەن تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، نەچچە 100 يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ غىزا ـ تائاملىرى سۇلتانى بولۇپ كەلگەن كاۋاپ ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ ئەنئەنىۋى تائام ئۇيغۇرلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئىقلىمى، ياشاش شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئىجتىمائىي ئەمگىكى، كۈندىلىك تۇرمۇشى، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

بولۇپمۇ 1985 ـ يىلى چەرچەن ناھىيەسى تەۋەسىدىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان، بۇنىڭدىن 3000، 6000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ يۇلغۇن ياغىچىدا ياسالغان زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن پاقالان گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپنىڭ تېپىلىشى 1 ـ قول پاكىت سۈپىتىدە دىيارىمىزدا ياشىغان ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ كاۋاپنى ئىختىرا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئىزچىل ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تائاملىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلىدى.

**كاۋاپنىڭ تۈرلىرى**

ئۇيغۇر كاۋاپچىلىقىدا قوي، ئۆچكە گۆشلىرى ۋە بۇلارنىڭ جىگەر، بۆرەك، ئۈچەي قاتارلىق ئىچكى ئەزالىرى، بېلىق ۋە ئۆي قۇشلىرى، شۇنداقلا بىر قىسىم ئۇچار قۇش گۆشلىرى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدۇ. شىرە، ياغ، تۇز، زەرچۆپ، قارىمۇچ، زىرە، قىزىلمۇچ قاتارلىق قوشۇمچە خۇرۇچلار، تونۇر، كاۋاپدان، زىخ، يەلپۈگۈچ، تاۋا قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە ھەر خىل كاۋاپلارنى پىشۇرۇش ۋاستىسى ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ تونۇر كاۋىپى، زىخ كاۋىپى، تاۋا كاۋىپى، كۆممە كاۋاپ، قورۇما كاۋاپ، قاقلىما كاۋاپ، داغلىما كاۋاپ قاتارلىق يەتتە چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

**1. تونۇر كاۋاپلىرى**

تونۇر كاۋاپلىرى تونۇرنى ۋاستە قىلىپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپلار بولۇپ، پىشۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تىكلىمە كاۋاپ، ئاسما كاۋاپ ۋە ياقما كاۋاپ دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. تونۇر كاۋاپلىرىغا بىردەك شىرە بېرىلىدۇ. شىرە تاييارلاشتا ئاق ئۇن ئۆلچەم قىلىنىدۇ، ئۈچ سەر ئاق ئۇنغا بەش دانە تۇخۇم سېرىقى، زەرچۆپ، قارىمۇچ، زىرە تالقانلىرىدىن بەش مىسقالدىن، بەش سەر تۇز تەييارلىنىدۇ، ئاندىن تۇخۇم سېرىقى قوچۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئاز سۇ، تۇز ۋە باشقا خۇرۇچ تالقانلىرى چېلىنىپ قوچۇپ قويۇقراق دوغاپ قىلىنىدۇ. ئۇ، كاۋاپقا تەم ۋە خۇشپۇراق



كىرگۈزۈش، كاۋاپ سىرتقى يۈزىنى كۆيۈپ كېتىشتىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

1. تىكلىمە كاۋاپ: بۇ، گۆشكە ئۆتكۈزۈلگەن زىخ تونۇر گەۋدىسىگە تىرەپ قويۇپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، پۈتۈن تىكلىمە كاۋاپ ۋە پارچە تىكلىمە كاۋاپ دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

پۈتۈن تىكلىمە كاۋاپ: بۇ، گۆشلەرنى پارچىلىماي، پۈتۈن ھالەتتە سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، قوي، ئۆچكە، توخۇ، ئۆردەك، كەپتەر گۆشلىرىدىن پىشۇرۇلىدۇ⑤. بۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئەنئەنىۋى كاۋاپ تۈرى بولۇپ، رەڭگى سېرىق، تېشى چۇرۇك، ئىچى يۇمشاق، مەززىلىك بولىدۇ.

پۈتۈن باچكا كاۋىپى: كەپتەر، باچكىلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، تۆش تەرىپى يېرىلىدۇ. شىرىگە چىلاپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، تۆش گۆشلىرى ۋە قانات-پاچاقلىرى ئىككى يانغا، ئومۇرتقىسى ئوتتۇرىغا قىلىنىپ، قانات ئاستىدىن زىخ ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن زىخلار تونۇر دىۋارىغا تىكلەپ تونۇر ئاغزى بىلەن داپخۇن ھەم ئېتىلىپ خۇيلاپ پىشۇرۇلىدۇ. باچكا كاۋىپى چۇرۇك، مەززىلىك بولۇپ، كۆپىنچە ئاسما توخۇ كاۋىپى بىلەن بىللە پىشۇرۇلىدۇ.

پارچە تىكلىمە كاۋاپ: بۇ قوي، ئۆچكىنىڭ لوق گۆشلىرىدىن پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، گۆش ئىككى بارماق چوڭلۇقىدا يالپاقلىنىپ زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ، مەلۇم ۋاقىت شىرىگە چىلاپ قويۇلىدۇ. ئاندىن تونۇر دىۋارىغا تىكلەپ پىشۇرۇلىدۇ، بۇ خىل كاۋاپنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇدۇللۇق كەلگەن مېھمانغا ئۇدۇللۇق پىشۇرۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

2. ئاسما كاۋاپ: بۇ، تاپانلىق زىخ قارماقلىرىغا ئېسىپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، قوي، ئۆچكە ياكى توخۇ-ئۆردەك گۆشلىرىدىن پىشۇرۇلىدۇ.

ئاسما قوي كاۋىپى: قوي گۆشى سۆڭەكلىرى بىلەن بىللە بىر-ئىككى جىڭلىقتىن پارچىلىنىپ ئۈستىگە شىرە بېرىلىدۇ، ئاندىن قارماقلارغا ئىلىنىپ تونۇرغا سېلىنىپ، 80 مىنۇت ئەتراپىدا دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

ئاسما توخۇ كاۋىپى: توخۇ گۆشى ئۈستىگە شىرە بېرىلىپ قارماقلارغا ئىلىنىپ، تونۇرغا سېلىنىپ 70 مىنۇت ئەتراپىدا دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. ئاسما توخۇ كاۋىپى بىلەن تىكلىمە باچكا كاۋىپى كۆپىنچە بىرلىكتە پىشۇرۇلىدۇ، ئۆردەك كاۋىپى پىشۇرۇش ئۇسۇلى ئاسما توخۇ كاۋىپى پىشۇرۇشقا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئاسما كاۋاپلارنىڭ قاقلىنىش يۈزى چوڭ بولغانلىقتىن گۆش تولۇق، سىڭىپ پىشىدۇ. چۇرۇك، يېيىشلىك بولىدۇ.

3. ياقما كاۋاپ: بۇ، قىزدۇرۇلغان تونۇر دىۋارىغا نان ياققانغا ئوخشاش يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، قوي، ئۆچكىنىڭ لوق گۆشلىرى ئىشلىتىلىدۇ. لوق گۆش ئالقان چوڭلۇقىدا، بارماق قېلىنلىقىدا يالپاقلىنىدۇ. بىر يۈزىگە شىرە سۈركۈلىدۇ (شىرە بېرىلمەي پىشۇرۇلسا تۇز بىلەن دورا-دەرمەك سېپىلىدۇ)، ئاندىن تونۇر دىۋارىغا يېقىپ، 20 مىنۇت ئەتراپىدا خۇيلاپ پىشۇرۇلىدۇ. چۇرۇك، تەملىك بولىدۇ.

### 2. زىخ كاۋاپ

زىخ كاۋىپى گۆش توغرالمىلىرىنى دەستىلىك زىخقا ئۆتكۈزۈپ، كاۋاپدان ئۈستىگە تىزىپ، ئوتتا قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ تۈرى بولۇپ، گۆش يالپاقلاپ توغرىلىپ زىخقا ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن زىخلار چوغ ئۈستىگە توغرىسىغا تىزىلىدۇ ھەمدە ئۈستىدىن يەلپۈگۈچتە يېنىك يەلپۈپ، چوغ يالقۇنجىتىلىدۇ، گۆش ئۈستىگە ئاق تۇز سېپىلىدۇ. ئىككى مىنۇتتىن كېيىن زىخلار ئۆرۈلۈپ، گۆشنىڭ ئىككىنچى يۈزى پىشۇرۇلىدۇ، كاۋاپ پىششىقا ئاز قالغاندا زىرە، قارىمۇچ ياكى قىزىلمۇچ تالقىنى سېپىلىدۇ.

زىخ كاۋىپىنىڭ «شىرە كاۋاپ»، «قىيما كاۋاپ»، «پوستۇما كاۋاپ»، «جىگەر كاۋىپى»، «ئۈچەي كاۋىپى»، «بۆرەك كاۋىپى»، «تال كاۋىپى» دېگەن تۈرلىرىمۇ بولۇپ، بۇلارنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى ئاساسەن يۇقىرىقىغا ئوخشاش⑥.

زىخ كاۋىپى مەززىلىك، تەملىك، قۇۋۋەتلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئۇدۇللۇق كەلگەن مېھمانغا ئۇدۇللۇق ئېتىپ بېرىشكە، ھەركىمگە ئۆزى ياقتۇرىدىغان تۈردىكى كاۋاپنى ئېتىپ بېرىشكە ۋە ئۆزى خالىغان تەم تەڭشىگۈچى خۇرۇچلارنى سېلىپ بېرىشكە ئىگە بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە بولغاچقا، ناھايىتى خېرىدارلىق كاۋاپ تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

### 3. تاۋا كاۋاپلىرى

تاۋا كاۋاپلىرى ياغنى ۋاستە قىلىپ، تاۋا ھارارىتىدە قىزدۇرۇپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ تۈرى بولۇپ، مال

گۆشىدىمۇ، بېلىق گۆشىدىمۇ ئېتىلىدۇ.

مال گۆشىدىن تاۋا كاۋىپى ئېتىشتە مال گۆشى بارماق قېلىنلىقىدا ياپىلاقلاپ توغرىلىپ ياكى سۆڭەكلىرى بىلەن قوشۇپ بەش سەر چوڭلۇقتا پارچىلىنىپ، چانالغان پىياز، زىرە، قارىمۇچ تالقىنى سېپىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ملەپ ئېلىپ، ئازراق ياغ قۇيۇپ قىزىتىلغان تاۋىغا سېلىپ خۇيلىنىدۇ. بىر تەرىپى پىشقاندىن كېيىن يەنە بىر تەرىپى پىشۇرۇلىدۇ، تەخسىگە ئېلىش ۋاقتىدا خېرىدارنىڭ خاھىشى بويىچە تەم تەڭشىگۈچى خۇرۇچلارنى سېپىشكە بولىدۇ، يۇمشاق، تەملىك بولىدۇ.

بېلىق تاۋا كاۋىپى: بۇنىڭدا بېلىقنىڭ قاسىرىقى، ئىچكى ئەزالىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، قاناتلىرى قىرقىۋېتىلىپ، پاكىز يۇيۇلىدۇ، ئاندىن تاۋىغا ئازراق ياغ قۇيۇپ قىزىتىپ، بېلىق قارنى يېرىلىپ ياغقا سېلىنىدۇ، بىر تەرىپى پىشىپ بولغاندا ئۆرۈپ قارشى يۈزى پىشۇرۇلىدۇ ھەم دورا- دەرمەك سېپىپ تەخسىگە ئېلىنىدۇ.

تاۋىدا پىشۇرۇلغان بېلىق كاۋىپى چۇرۇك، تەملىك بولىدۇ.

### 4. كۆممە كاۋاپ

كۆممە كاۋاپ گۈلخانغا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي تاماقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. كۆممە كاۋاپ ئېتىشتە، قوي ياكى ئۆچكە قېرىنىنىڭ باش تەرىپىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىپ، تەتۈر يۈزى سىرتىغا ئۆرۈلۈپ پاكىز يۇيۇپ قايتا ئۆرۈلىدۇ. قوي گۆشى ئىككى سەر چوڭلۇقتا توغرىلىپ، تۇز، زىرە، كاۋاۋىچىن تالقىنى، توغرالغان سامساق ۋە پىياز ئارىلاشتۇرۇپ، قېرىن ئىچىگە سېلىنىدۇ ۋە قېرىن ئاغزى مەھكەم بوغۇلىدۇ، ئاندىن گۈلخاننىڭ قوقاسلىرىغا كۆمۈلۈپ، ئىككى-ئۈچ سائەت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ خىل كاۋاپ «گۈلخان كاۋىپى» ياكى «قېرىن كاۋىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ⑦.

### 5. قورۇما كاۋاپ

قورۇما كاۋاپ قازاننى ۋاستە قىلىپ، ئۇلۇغ ئوتتا تېز قورۇپ ئېلىنىدىغان كاۋاپ بولۇپ، ئۇنى ئېتىشتە قوينىڭ لوق گۆشى بارماق چوڭلۇقىدا ياپىلاقلاپ توغرىلىپ، چىلانغان پۇرچاق ئۇنى، تۇخۇم، تۇز ۋە ئۇششاق چانالغان پىياز ئارىلاشتۇرۇلغا چىلانغاندىن كېيىن، قىزىتىلغان ياغقا سېلىپ داغلاپ ئېلىنىدۇ، ئاندىن قىزىتىلغان ياغ يۇقى قازانغا پىياز، سېلىنىپ، تېز - تېز قورۇلۇپ، ئارقىدىنلا گۆش سېلىپ قورۇلىدۇ، تەخسىگە ئېلىش ئالدىدا زىرە تالقىنى سېلىنىدۇ، بۇخىل كاۋاپ گەرچە قازاندا قورۇلسىمۇ، كاۋاپ تەمى قورۇما تەمنى بېسىپ چۈشىدۇ، رەڭگى سېرىق، گۆشى يۇمشاق، زىرە ھىدى كۈچلۈك بولىدۇ.

### 6. قاقلىما كاۋاپلار

قاقلىما كاۋاپ بىۋاستە چوغقا تاشلاش ياكى مەلۇم ۋاستىلەر ياردىمىدە چوغقا قاقلاش ئارقىلىق پىشۇرۇلىدۇ. مال گۆشى ۋە ئىچكى ئەزالىرى، بېلىق گۆشى، باچكا گۆشى، قۇشقاچ، جىگدىچى گۆشلىرىنىڭ ھەممىسىنى قاقلىما كاۋاپ قىلىشقا بولىدۇ. كاۋاپ قىلىش داۋامىدا تۇزلىنىپ، دورا- دەرمەك سېپىلسىمۇ، پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇزغا تۈگۈرۈپ ئىستېمال قىلىنسىمۇ بولىدۇ.

قاقلىما كاۋاپلار پىشۇرۇش ۋاستىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ دەب كاۋاپلىرى، زىخ قاقلىما كاۋاپلىرى ۋە ۋاستىسىز قاقلىما كاۋاپ دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. دەب كاۋاپلىرى: كاۋاپدانىنى ۋاستە قىلىپ چوغقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، شەكلى ۋە خۇرۇچىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ياغ- بېغىر دەب كاۋىپى، توشقان قۇلاق دەب كاۋىپى، چەمبىرەك دەب كاۋىپى دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بۇ يەردىكى «دەب» دېگەن سۆز گۈلخان، تونۇر، مەش قاتارلىقلاردىن ئۇقچىغان قىزىق ھاۋا دولقۇنى دېگەنلىك بولۇپ، خەلق ئارىسىدا «ئوتنىڭ دەبتى»، «تونۇرنىڭ دەبتى»، «تونۇرنى دەبلەش»، «دەبخۇن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

ياغ- بېغىر كاۋىپى: ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ چاۋا يېغىدىن جىلىت كېسىلىدۇ. جىگەر، بۆرەك ئۇششاق توغرىلىدۇ. كۇدە ياكى پىياز ئۇششاق چانىلىپ، دورا- دەرمەك سېلىنىپ، تۇز قۇيۇلۇپ قىيما قىلىنىدۇ، ئاندىن چاۋا ياغ جىلتىلىرىغا قىيما سېلىنىپ تۈگۈلىدۇ ياكى پاكىز يۇيۇلغان ياغلىق ئۈچەينىڭ بىر دىۋارى تىلىنىپ، قېتى ئېچىلىپ مۇۋاپىق ئۇزۇنلۇقتا كېسىلگەندىن كېيىن ياغ- بېغىرنىڭ سىرتىدىن يۆگەپ بوغۇلىدۇ ۋە قاسقانغا تىزىلىدۇ. كاۋاپدان تەگلىكى چوغ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاسقان قويۇلۇپ، ياغ- بېغىر چوغقا قاقلىنىدۇ. ئاستى تەرىپى سارغىيىپ پىشقاندا، ئۆرۈپ يەنە بىر تەرىپى پىشۇرۇلىدۇ.





ياغ-بېغىر كاۋىپىمۇ دەب كاۋىپىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، چۇرۇك، شەربەتلىك، تولىمۇ مەززىلىك بولىدۇ.

توشقان قۇلاق دەب كاۋىپى: ياغسىز گۆشتىن كەڭلىكى، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى بەش سانتىمېتىر قىلىپ تاسما تىلىنىدۇ. ھەر ئىككى تاسما بىر-بىرىگە ھالقىلاپ چىگىلىپ، تۇزغا چىلىنىدۇ، ئاندىن بۇغداي ئۇنىغا مىلىنىدۇ. ئاخىرىدا تاسما چىگىك ھالقىلىرى ئاستىغا، تاسما ئۇچلىرى يۇقىرىغا قىلىنىپ قاسقانغا تىزىلىپ تەگلىك ئۈستىگە قويۇلۇپ قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ، تاسما ئۇچى خۇددى توشقان قۇلىقىدەك تىك ھالەتتە بولىدۇ. شۇڭا، «توشقان قۇلاق كاۋاپ» دېيىلىدۇ⑧. كۆركەم، چۇرۇك، تەملىك بولىدۇ.

چەمبىرەك دەب كاۋىپى: ياغسىز گۆش بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يالپاقلىنىدۇ. تەگلىك تاختاي ئۈستىگە قويۇلۇپ، كەسكۈنى چىلىك بېسىپ چەمبىرەك كېسىلىدۇ، ئاندىن تۇزغا چۆكۈرۈپ ئېلىپ ئۇنغا مىلىنىدۇ ياكى ئايرىم تەييارلانغان شىرىنگە چىلاپ ئېلىنىپ قاسقانغا تىزىلىدۇ ۋە تەگلىك ئۈستىگە قويۇپ قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ، چۇرۇك، تەملىك بولىدۇ.

2. زىخ قاقلىما كاۋاپلىرى: يۇلغۇن شېخىدىن ئۇچلاپ زىخ ياسىلىدۇ ياكى تۆمۈر زىخ تەييارلىنىدۇ. گۆش، جىگەرلەر يالپاقلىنىپ چوڭ بارماق چوڭلۇقىدا كېسىلىدۇ. بۆرەك ئوتتۇرىدىن تىلىنىپ ئىككى قانات شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بېلىق تازىلىنىپ، قورساق تەرىپىدىن تىلىنىدۇ. قۇشقاچ، جىگدىچى، باچكا گۆشلىرى تۆش تەرىپىدىن يېرىلىپ تەكشى ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن زىخقا سانجىپ تۇزغا ياكى سۇيۇق شىرىنگە چىلاپ ئېلىنىپ، گۇلخانغا قاقلاپ، پات-پات ئۆرۈپ پىشۇرۇلىدۇ.

3. ۋاستىسىز قاقلىما كاۋاپ: بۇنداق كاۋاپنى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە ئۇنى تەييارلاش ئاساسەن يۇقىرىقىغا ئوخشاش، پەقەت گۆش ۋە جىگەر چوڭراق يالپاقلىنىدۇ.

قاقلىما كاۋاپلار چۇرۇكلۇكى ۋە تەمى جەھەتتە باشقا كاۋاپلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەمما گۆش ياكى يېقىلغۇ قاتارلىق چەكلىگۈچى ئامىللار تۈپەيلىدىن كۆپلەپ ئېتىشكە مۇمكىن بولمايدۇ، شۇڭا ئائىلىدە ياكى ئالاھىدە ئەھۋالدا پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىش بىلەن چەكلىنىدۇ.

**7. داغلىما كاۋاپ**

داغلىما كاۋاپ ئېتىشتە گۆش ياغدا پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. ئاق قۇشقاچ گۆشى ئاساسى ماتېرىيال، قازاندا

قايىنتىلغان ياغ پىشۇرۇش ۋاستىسى قىلىنىدۇ. ئاق قۇشقاچ يۇڭدىلىپ ئىچكى ئەزالىرى، پاچىقى ۋە بېشى ئېلىپ تاشلىنىپ پاكىزلانغاندىن كېيىن، قايىنتىلغان ياغقا تاشلاپ سۇس ئوتتا ئاستا داغلاپ پىشۇرۇلىدۇ. ئۆزگىچە تەملىك،مەززىلىك بولىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر كاۋاپلىرى يۇقىرىقىدەك يەتتە چوڭ تۈر، 40-50 تىن ئارتۇق كىچىك تۈرگە بۆلۈنۈش بىلەن بىللە، ماتېرىيالى، خۇرۇچلىرى، پىشۇرۇش ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

## ئۇيغۇر كاۋىپىنىڭ ئوتتۇرا دىيارغا تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتى

ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە كلاسسىك تارىخنامىلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا،ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادلىرى بولغان دىلار، رۇڭلار، دىڭلىڭلار (تۇرالار) دەسلەپتە، ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى ئوت ئۈستىگە تاشلاپ پىشۇرۇش، قىزىتىلغان تاشلار ئۈستىگە يېقىپ پىشۇرۇش، ئارا ياكى سانجىغۇچلارغا سانجىپ ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ جان ساقلاپ كەلگەن بولسا، كېيىنچە دەرەخ شاخلىرىغا گۆشنى ئۆتكۈزۈپ رەسمىي كاۋاپ قىلىپ ئۈستىگە ئىپتىدائىي تەم تەڭشىگۈچ گىياھلارنى سېپىپ مەززىلىك قىلىپ يېيىشنى ئۆگەنگەن. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تېخى ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىلا خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى (خۇاشيا قەبىلىلىرى) بىلەن مال ئالماشتۇرغان، سودا-سېتىق قىلىشقان. شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كاۋاپ ئىستېمال قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوۋچىلىقتىن چارۋىچىلىققا، چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا تەرەققىي قىلغاندىن كېيىنمۇ كاۋاپ ئىستېمال قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان، بەلكى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زىخقا سانجىپ، دورا-دەرمەكلەر بىلەن تەملىك، مەززىلىك قىلىپ ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەنلىكى مەلۇم.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3-،4-ئەسىرلەردە پۈتۈلگەن «نەزمىنامە» (诗经)دە ئۇيغۇر كاۋىپى ھەققىدە بەزى خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇ خاتىرىدە گۆشنى قۇرۇتۇپ ياكى قورۇپ پىشۇرغان كاۋاپنى «باۋ» (炮)، ئوت ئۈستىگە قويۇپ پىشۇرغان كاۋاپنى «فەن» (燔)، ئوتقا قاقلاپ پىشۇرغان كاۋاپنى «جىژ» (炙) دېگەن خەت بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇ خەتنىڭ 烤肉 شەرقىي خەن دەۋرىدىكى ئەدىب شۈيجېن تۈزگەن «پاساھەتلىك سۆزلەر» دېگەن كىتابتا «جىژ» (炙) دېگەن (ئوتقا قاقلاپ پىشۇرىدىغان كاۋاپ مەنىسىدىكى) خەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى يېزىلىش ئۇسۇلى «جيۇ» ئىكەنلىكى ئىزاھلانغان بولسا، چىڭ دەۋرىدىكى ئەدىب جيافۇ بۇ خەتنىڭ كاۋاپ پىشۇرىدىغان سايمان ياكى كاۋاپ زىخى دېگەن مەنىسىنىڭمۇ بارلىقىنى ئىزاھلىغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا كاۋاپنى مەخسۇس ياغاچتىن ياسالغان زىخ بىلەن پىشۇرۇشقا ئادەتلەنگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

بۇ شىخۇا ئەپەندى توپلاپ رەتلىگەن «خەن دەۋرىدىكى ئومۇمىي رەسىملەر توپلىمى»غا ئىككى كاۋاپچىنىڭ رەسىمى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ بىرىدە، بىر كاۋاپچى بىر قولىدا نەچچە زىخ كاۋاپنى ئوتقا قاقلاپ، يەنە بىر قولىدا يەلپۈگۈچ بىلەن ئوتنى يەلپۈۋاتقان؛ يەنە بىرىدە، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بىر كاۋاپچى نەچچە زىخ كاۋاپنى ئالدىدىكى تۆت پۇتلۇق كاۋاپدان ئۈستىگە قويۇشقا تەمشەلگەن. ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى يەنە بىر ئادەم قولىدىكى كۆسەي بىلەن كاۋاپداندىكى ئوتنى ئىلەشتۈرۈپ ئولتۇرغان. يەنە شياۋ تاڭشەن ئابىدىسى قاتارلىق مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدىكى دەۋرلەرگە خاس تاش ئويمىلاردىمۇ كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقان ھەر خىل ئوبرازلار ئۇچرايدۇ.

«كېيىنكى خەننامە. بەش بۇيۇم تەپسىراتى»دا: «پادىشاھ جانابلىرى خەن لىڭدى خۇ (غوز-ئۇيغۇر) كىيىمى، خۇ ئۆيى، خۇ كارىۋىتى، خۇ لوڭقىسى، خۇ نېيى، خۇ ئۇسسۇل-مۇزىكىسى ۋە خۇ غىزا-تائاملىرىغا قالتىس ھېرىسمەن ئىدى. پايتەختتە ئاقسۆڭەك-بايلار بەس-بەستە خۇلاردىن دوراپ تەقلىد قىلىشاتتى» دەپ يېزىلغان. تارىختا ئوتتۇرا دىياردىكى كىشىلەر قويۇق ساقال-بۇرۇتلۇق، ئورا كۆز، قاڭشارلىق غەربىي يۇرتلۇقلارنى يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ «خۇلار» (胡人) دەپ ئاتىغان.

ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس لاۋفېر: «خۇ خېتى بىلەن ئاتالغان خەلقلەر خەن سۇلالىسىنىڭ ئادىتى بويىچە تۈركىي قەبىلىلەرنى كۆرسىتەتتى» دەپ يازىدۇ. دېمەك، خەن لىڭدى پادىشاھ ھېرىسمەن بولغان «خۇ غىزا-تائاملىرى» ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەززىلىك كاۋاپلىرىمۇ بار ئىدى.

لىلىڭ خۇ يازغان «خەن، تاڭ دەۋرىنىڭ يېمەك-
ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى» دېگەن كىتابتىكى بايانلارغا
قارىغاندا، دىيارىمىزنىڭ يۇراقلىق دورا-دەرمەك سېپىل-
گەن تەملىك، مەززىلىك ئېسىل كاۋاپلىرى بىلەن نان،
توقاچ، قاتلىما، سۈيۈقئېشى، چۆچۈرىسى، تاتلىق ئۇماچ،
ھالۋا، ئۈزۈن چۆپ (ئۇگرىنى دېمەكچى) قاتارلىق
ئۈندىن تەييارلىنىدىغان غىزا-تائاملىرى خەن دەۋرىدىن
باشلاپ يىپەك يولى بويلاپ ئوتتۇرا دىيارغا داۋاملىق
تارقىلىپ كىرگەن. بۇ ئۇيغۇر غىزا-تائاملىرى دەسلەپتە
خان-پادىشاھلار، ئوردا ئەمەلدارلىرى، پۇلدار-باي، ئاق-
سۆڭەكلەر تەبىقىسىدىكىلەرنىڭ بەس-بەستە كۆز-كۆز
قىلىپ يېيىشىدىغان ئادىتىگە ئايلانغان بولسا، كېيىنچە
پايتەخت جامائەتچىلىكى، ئاندىن پۇقرالارمۇ ئىستېمال قى-
لىدىغان ئادەتكە ئايلانغانلىقى مەلۇم.

غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب
شۇجىي «غوز تائاملىرى ھەققىدە قاپىيەلىك پىروزا» دېگەن
ئەسىرىدە كاۋاپ، پولۇ، نان، ئۇگرە ئاش قاتارلىقلارنى
قالتىس گۈزەل مىسرالار بىلەن مەدھىيىلىگەن بولسا،
«تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كى-
تابلار قامۇسى»دا خەن دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن جاۋ
چى شىمالىي دېڭىز تەرەپلەردە خۇ (ئۇيغۇر) تائاملىرى سو-
دىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ قالتىس بېيىپ كەتكەنلىكى تىلغا
ئېلىنغان. شەرقىي جىن سۇلالىسىدە ئۆتكەن داڭلىق خەتتات
ۋاڭ يى ياش چېغىدا ئۇيغۇر تائاملىرىنى يەپ باققانلىقى، بو-
لۇپمۇ پۇرىقى ئۆزگىچە دورا-دەرمەكلەر بىلەن پىشۇرۇل-
غان ئۇيغۇر كاۋاپلىرى، گۆش، پىياز قاتلىمىسى، توقىچى،
ھالۋىسى ۋە پولۇسى قاتارلىقلارنىڭ ناھايىتى تەملىك، مەز-
زىلىك بولىدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ ئۆتكەن.

شاڭ دا ئەپەندى تۈزگەن «تاڭ دەۋرىدىكى
چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابنىڭ
«چاڭئەندىكى غەربىي يۇرتلۇقلار» دېگەن قىسمىدىكى با-
يانلارغا ئاساسلانغاندا، تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن (ھازىر-
قى شىئەن شەھرى) ئەينى زاماندىكى خەلقئارالىق غايەت
زور ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغان
بولۇپ، بۇ شەھەردە دائىمىي ئولتۇراقلىق ئۇيغۇر ئائىلى-
رىنىڭ سانى بەزىدە 1000، بەزىدە بىر قانچە 1000دىن
ئاشاتتى. چاڭئەن شەھرىدىكى بىر قانچە كوچىلاردا
ئۇيغۇر مەھەللىلىرى شەكىللەنگەن، بۇ ئۇيغۇر مەھەللى-
رى ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، كېچە-كۈندۈز قاينام-تاشقىن
كەيپىيات بىلەن يېمەك-ئىچمەك سودىسى بەك قىزىپ
كەتكەن [10]. بۇ ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە يىراقتىنلا گۈپۈلدەپ
دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان دورا-دەرمەكلىك مەززىلىك
مەخسۇس كاۋاپخانىلار (羊肉烤店)، چۆپ، بوغداي
ئېشى (سارماچۇق ۋە ئۇگرە)، نان-توقاچ، قاتلىما، شورپا
ساتىدىغان داڭلىق ئاشپۇزۇللار، مەخسۇس پولۇخانىلار
(毕罗食店) لوپنۇر ھارىقى، تۇرپان ۋە كۇچانىڭ ئۈزۈم
ھارىقى دۇكانلىرى، مەيخانىلار، بەزمىخانىلار، مال-ساراي-
لىرى، مېھمانخانىلار ۋە دەڭلەر بولغان. بۇ ئۇيغۇر مەھەللى-
لىرىدە ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇللىرى ۋە تىياتىرلىرى قويۇ-
لۇپ تۇرغان [11]. مانا شۇنداق ئاۋات كوچىلاردا ۋە مەيخا-
نىلاردا نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر كاۋاپچىلار ئالدىراش
مەشغۇلات ئېلىپ بارغان. شۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇر كاۋاپلى-
رىمۇ ناھايىتى تەملىك، مەززىلىك ۋە خۇش پۇراق بولۇپ،
چاڭئەن جامائەتچىلىكىنى مەھلىيا قىلغانىدى.

«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەك-
لەر»نىڭ 232-جىلدىغا قارىغاندا، يېمەك-ئىچمەك جەھەت-
تە يەنىلا غەربىي يۇرتنىڭ يىپەك يولى بويلاپ، لوياڭ،
چاڭئەنلەرگە ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرغان ئۇيغۇر تائاملىرى
بازار تېپىپ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىش-
كەن. بولۇپمۇ دورا-دەرمەك بىلەن پىشۇرۇلغان خۇش
پۇراق، مەززىلىك، تەملىك، يېيىشلىك كاۋاپلار بىلەن قوي
گۆشى باسقان مەززىلىك پولۇلار، چوشقا گۆشى، سۆك ۋە
شوۋىگۇرۇچكە ئادەتلەنگەن خەلقلەر ئۈچۈن بىر خىل يې-
ڭىلىق تۇيۇلۇپ، ئۇيغۇر كاۋاپلىرىنىڭ باھاسى ئۆرلىگەن،
ساقال-بۇرۇتلۇق ئۇيغۇر كاۋاپخانا غوجايىنلىرى ھەسسە-
لەپ پايدىغا ئېرىشكەنلىكى مەلۇم[12].

ئۇيغۇر تائاملىرى جۈملىدىن خۇش پۇراق مەززىلىك
كاۋاپلىرى تاڭ سۇلالىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 300
يىلغا (618 ـ 907) يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، ۋېي-جىن، جەنۇ-
بىي-شىمالىي سۇلالىلەر ۋە سۇي سۇلالىسى دەۋرىدىكى
ئاساسدا پايتەخت چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق شەھەرلەردە
داۋاملىق داڭ چىقىرىپ راۋاجلانغان ھەمدە تاڭ دەۋرى
يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىگە مۇھىم تارىخىي تۆھپىلەرنى
قوشقانىدى. ئۇيغۇر تائاملىرىغا بولغان قىزىقىش تەيزۇڭ،
گاۋزۇڭ، شۇنزۇڭ پادىشاھتىن تاكى بەزى ۋاڭ، گۇاڭلار-
غىچە، ئايماق-مەھكىمىلەر ئەمەلدارلىرىدىن تاكى جەندە

ـ كولالىق، گاداي ـ پۇقرالارغىچە ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە بىر ئىجتىمائىي مەدەنىي ھاۋاغا ئايلانغانلىقى روشەن تارىخىي پاكىت.

سۇڭ سۇلالىسى (960 ـ 1279) دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سودا ـ ئالاقىسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، پايتەخت كەيفېڭ قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر غىزا ـ تائاملىرى يەنە بىر زامان مودىغا ئايلانغان، مەززىلىك دورا ـ دەرمەكلەر سېپىلگەن خۇش پۇراق، مەززىلىك كاۋاپلار، نان ـ توقاچ، قاتلىما، گۆشلۈك پولۇ قاتارلىق ئېسىل، مەززىلىك غىزا ـ تائاملار ناھايىتى بازار تاپقان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۈەنلاۋنىڭ «شەرقىي ئاستانىدا ساقلانغان خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا، شىمالىي سۇڭ خانلىقىنىڭ مەركىزى كەيفېڭنىڭ ئاۋات مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەندە، كەيفېڭ شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئاشپۇزۇللىرىدا تۈرلۈك ئاچچىق ـ چۈچۈك ۋە خۇش پۇراق مەززىلىك كاۋاپلار، نان ـ توقاچلار، چۆپلەر، ھېسىپ ـ كاۋاپلار ۋە مەززىلىك گۆشلۈك پولۇلارنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىكەنلىكى، كىشىلەر بەس ـ بەستە ئېلىپ يېيىشىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

موڭغۇل ــ يۈەن سۇلالىسى (1279 ـ 1368) دەۋرىگە كەلگەندە، تۇرپان ۋە بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ئەترابى)تىن نەچچە 10 مىڭ ئائىلىلىك ئۇيغۇرنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر غىزا ـ تائاملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىچكىرىگە تارقالغان، ھەتتا موڭغۇللار ئوردىسىنىڭ ئاشپەزلىرى، كۈتۈۋېلىش ـ داستىخان بەگلىرى، مۇئەللىملىرى، تېۋىپلىرى ئۇيغۇردىن بولغاچقا، ئۇيغۇر تائاملىرى يەنىلا كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئېرىشكەن، بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا تائام تەييارلاش ئۇستازى بولغان ھەم «تائام تەييارلاش دەستۇرى» ناملىق يېمەك ـ ئىچمەك ھەققىدە مەخسۇس كىتاب يازغان مەشھۇر ئۇيغۇر تائامشۇناسى قۇسقۇي ئۇيغۇر تائاملىرىنى ئىچكىرىدە ئومۇملاشتۇرۇشتا كاتتا رول ئوينىغان[13].

تائامشۇناس قۇسقۇي ئۇيغۇر كاۋاپلىرىنى ئوردا ئىچى ـ سىرتىغا ۋە پايتەخت جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرغاندا، ھەر تۈرلۈك كاۋاپلارنى پەقەت قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا يېيىش، ھۇزۇرلىنىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەييارلاپ ئىستېمال قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ تۈرلۈك كاۋاپلارنى ئوزۇقلۇقشۇناسلىق ئىلمىي نۇقتىسىدىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، كاۋاپلارنىڭ شىپالىق رولىنى تېپىپ چىقىپ، قايسى خىل كاۋاپنىڭ قانداق كېسەلگە شىپا بولىدىغانلىقىنى، ساغلاملىققا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا يەكۈنلىگەن. يەنە ھەر بىر تۈرلۈك كاۋاپقا مەخسۇس بىر رېتسېپ تۇرغۇزۇپ، خۇرۇچلارنىڭ مىقدارى، تەييارلاش، پىشۇرۇش ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇللىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. مەسىلەن، قۇسقۇي «ھېسىپ كاۋىپى»نى تەييارلاش ئۈچۈن مۇنداق رېتسېپ يازغان:

«بەش جىڭ قوي گۆشى، قوينىڭ قۇيرۇقىدىن بىر پارچە ئۇششاق توغرىلىدۇ. تۇخۇمدىن 15، زەنجىۋىل ئىككى مىسقال، توغرالغان پىياز ئىككى سەر، ئاپېلسىن پوستى (ئاق يېپچىلىرى چىقىرىۋېتىلىدۇ) ئىككى مىسقال، دورا ـ دەرمەك ئۈچ مىسقال، بۇلارنى ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ، قوي ئۈچەيگە تىقىپ ھېسىپ قۇيغاندىن كېيىن، قىسقا كېسىلىدۇ، ئاندىن بىر جىڭ پۇرچاق ئۇنى، بىر جىڭ بۇغداي ئۇنى، بىر مىسقال زەپەر ۋە ئۈچ مىسقال شاھتەررىن سۇدا ئېزىپ بوتقا (شىرە) تەييارلاپ، بۇنىڭغا كېسىلگەن ھېسىپنى مىلەپ زىخقا ئۆتكۈزۈپ، كۆنجۈت يېغىدا پىشۇرۇلىدۇ» (قۇسقۇي: «شىپالىق تائاملار دەستۇر»، 52 ـ بەت).

قۇسقۇينىڭ «شىپالىق تائاملار دەستۇرى»دا نۇرغۇن كاۋاپ تۈرلىرى ئۇنىڭ رېتسېپلىرى، خۇرۇچلىرى، تەييارلاش ۋە پىشۇرۇش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. شۇڭا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر كاۋاپ مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكىرىگە تارقىلىشى ۋە خەلق ئىچىدە ئومۇملىشىش دەرىجىسى خېلى كەڭ دائىرىدە بولغانىدى.

ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، جۇڭگو يېمەك ـ ئىچمەك تارىخىغا دائىر خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، دىيارىمىزدىن ئوتتۇرا دىيار ئاھالىلىرى ئىچىگە تارقىلىپ يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن 2000 يىلچە ماختاپ، ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنغان تەملىك، مەززىلىك، يېيىشلىك ئېسىل تائام بولغان ئۇيغۇر كاۋاپلىرى دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئوتتۇرا دىياردىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە ماسلاشتۇرۇلغان، يەنى خام ماتېرىياللىرى، خۇرۇچلىرى، تەييارلاش ئۇسۇلى جەھەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ھەمدە پۈتۈنلەي شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ تەم، خۇرۇچ

ئادىتىگە ماسلىشىپ كېتىپ، ئەسلىدىكى ئۇيغۇرچە تەم ـ
پۇرىقىنى ساقلاپ قالالمىغان، ھەتتا ئۇرۇش قالايمىقانچىلى-
قى، قەھەتچىلىك سەۋەبىدىن پەيدىنپەي ئۇنتۇلۇپ كېتىل-
گەنلىكى مەلۇم.

**ئۇيغۇر كاۋاپ مەدەنىيىتىنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ پارلاق**

30 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئۇيغۇر
كاۋاپ مەدەنىيىتىگە تەرەققىيات مۇھىتى، تەرەققىيات پۇر-
سىتى ئاتا قىلغان بولسا، ئەسلىي زاتى، نەسىل ـ پۇشتىدىن
غىزا ـ تائامغا ماھىر ئۇيغۇر خەلقى ئۆز ئەقىل ـ پاراستىگە،
مېھنەتكەش، چېۋەرلىكىگە تايىنىپ ئەجداد ـ ئەۋلاد داۋاملى-
شىپ كەلگەن ئېسىل يېمەكلىك كاۋاپنى رەسمىي خەلقئارالىق
مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈردى، بۇنىڭدا كاۋاپچى ئۇس-
تىلىرىمىزنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتى، تېخنىكىسى، ئىسلاھ قىلى-
شى، سۈپەت، تەم، پۇراق، پىشۇرۇش ئۇسۇلى، تازىلىقى
جەھەتتىن يېڭىلىق يارىتىشى مۇھىم رول ئوينىدى.

خۇددى تەتقىقاتچى ما شىڭرېن «ئۇيغۇرلارنىڭ تائام
پىشۇرۇش مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»
ناملىق ماقالىسىدە: «ئۇيغۇر تائاملىرىنى ئىستېمال قىلىدى-
غان ئادەم كۆپ، تائام تۈرى جىق، تولىمۇ تەملىك، يۇقى-
رى سۈپەتلىك، تەم، پۇرىقى ئۆزگىچە بولۇپ مەملىكەت
ئىچى ـ سىرتىدىكى نەچچە مىليون سەيلە ـ ساياھەتچىنى
ئۆزىگە مەپتۇن قىلدى، ماھارىتى كامالەتكە يەتكەن
ئۇيغۇر ئۇستىلار تائام پىشۇرۇش مەدەنىيىتىنى تارقاتقۇچى-
لار سۈپىتىدە جۇڭگو يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ئۆز
ھەسسىسىنى قوشۇپلا قالماي، بەلكى بۈگۈنكى سوتسىيا-
لىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئۆز ماھارىتىنى
كۆرسەتمەكتە: ⑭ دەپ يازغاندەك، ماھارىتى كامالەتكە
يەتكەن ئۇيغۇر ئاشپەز ـ كاۋاپچى ئۇستىلارنىڭ تائام پە-
شۇرۇشتىكى ماھارەت ـ تېخنىكىلىرىمۇ مەملىكەت ئىچى ۋە
خەلقئاراغا تونۇلماقتا.

1990 ـ يىلى «خەلق گېزىتى»نىڭ مۇخبىرلىرى فەن
يىڭلى بىلەن جۇ لاڭ يازغان «شەھەرمۇ شەھەر ھايت ـ
ھۇيت قىلىشىۋاتقان قوي گۆشى كاۋاپلىرى» ناملىق ماقا-
لىسىدە: «كاۋاپنى ئېلىپ ئېيتساق، بۈگۈنكى ۋەتىنىمىزنىڭ
بىپايان زېمىنىدا، مىڭلىغان بازار ۋە شەھەرلەردە شىنجاڭ
كاۋىپىنىڭ مەززىلىك ھىدى ھەممە يەردە گۇپۇلدەپ دى-
ماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ
تەملىك، مەززىلىك، يېيىشلىك، خۇش پۇراق كاۋاپلىرى
شىنجاڭ چېگراسىدىن ھالقىپ چىقىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ
ھەممە ئۇتتۇرا، چوڭ شەھەرلىرىدە دېگۈدەك شىنجاڭلىق
ئۇيغۇرلارنىڭ كاۋاپ تىجارىتى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغى-
لى بولىدۇ»، «شىنجاڭ كاۋىپى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقى-
لىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىياغا بۆسۈپ
كىردى، دۇنياغا يۈزلەندى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، نيۇ-
يورك كوچىلىرىدىمۇ كاۋاپ پەيدا بولۇشقا باشلىغان.
زېرەك ئۇيغۇرلار ئوقەت قىلىپ ئامېرىكىغا بارغان، ئەمما
كاۋاپنىڭ ھەقىقىي ئىخلاسمەنلىرى يەنىلا شىنجاڭدا، ئۇي-
غۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى
مەشھۇر شەھەر قەشقەردىكى كىشىلەر بىلەن داڭلىق.
قەشقەر يەنىلا كاۋاپنىڭ ‹ئىختىرا قىلىنغان ئانا ماكانى››»
⑮ دەپ يازغان بولسا، ئارىدىن 20 نەچچە يىل ئۆتكەن
بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر كاۋاپچىلىق ھۈنىرى ئۆزىگە
خاس بىر پۈتۈن مەدەنىيەت سالاھىيىتى بىلەن مەملىكەت
ئىچى ۋە خەلقئاراغا تونۇلدى، شۇ قاتاردا كاۋاپ مەدەنى-
يىتى ياراتقان ئۇيغۇر خەلقىنىمۇ جاھان ئەھلىگە تونۇتتى.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىم-
كى، تائام تەييارلاش ھۈنەر ـ سەنئىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، غىزا ـ تائامنىڭ مەنبەسى، مەزمۇنى ۋە تائامنى
تەييارلاش پائالىيىتى شەكلى بىر خىل سەنئەت، ئەخلاق،
گۈزەللىك كۆز قاراشلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇشۇ مە-
نىدىن غىزا ـ تائامنىڭ مەزمۇنى ۋە پائالىيەت شەكلىنى
ماددىي ۋە مەنىۋى دەپ ئىككى ئامىلغا ئايرىش مۇمكىن.
بىرىنچىسى، غىزا ـ تائامغا تەم كىرگۈزگۈچى ماددىلار،
دورا ـ دەرمەك، تېتىتقۇلار، ئىككىنچىسى، غىزا ـ تائام
تەييارلاشنىڭ پائالىيەت شەكلى، ماھارىتى، سەنئىتى ۋە
خىلمۇ خىل شەكىل تۈرلەرگە، سىمۋول خاراكتېرلى شە-
كىللەرگە كەلتۈرۈش بىلىمى. ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ
يوسۇن، زىياپەت ـ مېھماندارچىلىق ئەنئەنىلىرى، مانا بۇ
ئىككى خىل مەزمۇن دائىرىسىدىكى غىزا ـ تائام پائالىيىتى-
نى «غىزا ـ تائام مەدەنىيىتى» دەپ ئاتاش مۇمكىن.

ئۇيغۇر كاۋاپچىلىق ھۈنىرى ۋە پائالىيىتى يۇقىرىدى-
كى ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى ئامىلنى ئۆزىدە تولۇق
ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن، ماددىي جەھەتتىن ئېيتقاندا،
ئۇيغۇر كاۋاپچىلىقىدا قوي، ئۆچكە گۆشلىرى ۋە بۇلارنىڭ
جىگەر، بۆرەك، ئۈچەي، قېرىن قاتارلىق ئىچكى ئەزالىرى،
بېلىق ۋە ئۆي قۇشلىرى، يەنە بىر قىسىم ئۇچار قۇش

گۆشلىرى خام ئەشيا قىلىنىدۇ. تائام تەييارلاش قوراللىرىدىن تونۇر، كاۋاپدان، زىخ، يەلپۈگۈچ، تاۋا قاتارلىقلار، تەم كىرگۈزگۈچى ماددىلاردىن شىرە، ياغ تۇز، زەچۇە، قارىمۇچ، زىرە، قىزىلمۇچ قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

مەنىۋى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كاۋاپچى ئۇستىلىرىنىڭ كاۋاپ تەييارلاش پائالىيىتى چاققان ۋە ئەستايىدىل ماھارىتى ۋە قول ھۈنەر-سەنئىتى ۋايىغا يەتكەن بولۇپ، تونۇر كاۋىپى، زىخ كاۋىپى، تاۋا كاۋىپى، كۆممە كاۋاپ، قورۇما كاۋاپ، قاتلىما كاۋاپ، داغلىما كاۋاپ قاتارلىق چوڭ تۈرلەر ۋە 30-40 خىل كىچىك تۈرلەر بويىچە كاۋاپ پىشۇرۇش بىلىم سەۋىيەسى ناھايىتى يۇقىرى. يەنە ئۇيغۇر كاۋاپلىرىغا خەلقىمىزنىڭ ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇن، زىياپەت-مېھماندارچىلىق جەھەتتىكى بىر قاتار قائىدە-يوسۇنلىرى سىڭىشىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن.

يۇقىرىدىكى ئىلمىي مۇلاھىزىلەردىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، غايەت زور يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى سىستېمىسىنى ياراتقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا ئاللىقاچانلا «كاۋاپ مەدەنىيىتى» شەكىللەنگەن.

شۇڭا ئۇيغۇر كاۋاپلىرىنى پەقەتلا قورساق تويغۇزىدىغان بىر خىل تائام دەپ ئاددىيلا چۈشەنمەسلىكىمىز، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ نەچچە 1000 يىللاردىن بۇيانقى غىزا-تائام ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ياشاش پەلسەپىسى، ئالەم قارىشى، روھىيىتى سىڭگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز، كاۋاپقا ئىلمىي نۇقتىدىن بىر خىل قەدىمكى مەدەنىيەتكە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

مېنىڭچە، ھەر خىل مەززىلىك كاۋاپلىرىمىزنى پەقەت ياسىداق ئاشپۇزۇل-رېستورانلىرىمىزدا دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدىن دىيارىمىزغا سەيلى-ساياھەتكە كەلگەن مېھمانلارغا يېگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ماختىشى (باش بارمىقىنى چىقىرىپ «بولىدىكەن، ياخشىكەن!» دېيىشى) بىلەن كۇپايىلەنسەكلا بولمايدۇ. بۇنىڭغا قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كاۋاپچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار، سايمانلار، خام ئەشيا ۋە خۇرۇچلار، كاۋاپنىڭ تۈرى، ئالاھىدىلىكى، پىشۇرۇش، يېيىش ئۇسۇلى، ئادەم ئورگانىزمىغا پايدىلىق تەركىبلىرى ۋە غىزائىي داۋا سۈپىتىدە كېسەل داۋالاش خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلارنى ئىلمىي دەلىللەپ، ئۇنى قەلەمگە ئېلىش، يەنە كاۋاپ مەدەنىيىتىمىزنى فولكلور، تارىخ، ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن تەتقىق قىلىپ بىر پۈتۈن كاۋاپ مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولۇق يورۇتۇشىمىز لازىم.

ئىزاھاتلار:

①، ④ غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، 56-، 57-بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007-يىل 5-ئاي، 1-نەشرى.

② ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تائامى — كاۋاپ ھەققىدە»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1992-يىل 3-ئاينىڭ 10-كۈنى سانىدا.

③ ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989-يىلى نەشرى.

⑤، ⑥، ⑦، ⑧ مۇھەممەدئىمىن سابىر: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»، 65-، 71-بەتلەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2002-يىل 10-ئاي 1-نەشرى.

⑨ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى رۇڭلار ھەققىدە»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1990-يىل 3-سان؛ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى دىلار ھەققىدە»، يۇقىرىقى ، ژۇرنال، 1990-يىل 4-سانىدا.

⑩، ⑪، ⑫ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەخت چاڭئەندە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەھەللىلىرى» (شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1992-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى سانىدا)، «ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى پايتەختى چاڭئەندىكى سودا-تىجارىتى» («شىنجاڭ يېزا-بازار پۇل مۇئامىلىسى»، 1998-يىل 1-، 3-، 4-سانلىرىدا)، «ئۇيغۇرلارنىڭ پولۇچىلىقى چاڭئەندە» («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1992-يىل 12-ئاينىڭ 16-كۈنى سانىدا)، «ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى پايتەختى چاڭئەندىكى نان، توقاچ، قاتلىما، كاۋاپ قاتارلىق يېمەكلىك كەسپى ھەققىدە» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1997-يىل 2-ئاينىڭ 5-كۈنى سانىدا).

⑬ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 185-، 189-بەتلىرىدىكى تائامشۇناس قۇسقۇي تونۇشتۇرۇلغان ماقالىگە قاراڭ، 1991-يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

⑭ ما شىڭرېن: «ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق پىشۇرۇش مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996-يىللىق 2-سان، خەنزۇچە، لەنجۇ.

⑮ فەن يىڭلى، جۇ لاڭ: «شەھەرمۇ شەھەر ھايت-ھۇيت قىلىشىۋاتقان قوي گۆشى كاۋاپلىرى»، «خەلق گېزىتى»، خەنزۇچە، 1990-يىل 11-ئاينىڭ 19-كۈنىدىكى سانى.











# ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەتلەر

بەرنا ئۇبەيدۇللايېۋا

پەرزەنتنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىش توغرىسىدا مۇئەييەن ئۆرپ-ئادەت ۋە مۇراسىملارنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى دۇنيادىكى بارچە خەلقلەرگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئۆرپ-ئادەت ۋە مۇراسىملارنى مەزمۇنى ۋە دەۋرىگە ئاساسەن مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن:

(1) هامىلدارلىق مەزگىلىدە بېجىرىلىدىغانلىرى (2) بالا تۇغۇلۇش جەريانىدا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىرى (3) بوۋاقنى پەرۋىش قىلىش داۋامىدىكى ئۇدۇملار.

تەتقىقاتلاردىن مەلۇمكى، ئۆزبېكىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بالا تۇغۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى ياش باسقۇچلىرىدا ئۆتكۈزىدىغان ئۆرپ-ئادەت ۋە مۇراسىملىرى باشقا خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت ۋە مۇراسىملىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، پەرقلىق جايلىرى يەنە بار. بۈگۈنكى كۈنلەرگىچە ئۇيغۇرلاردىكى بالا تۇغۇلۇش مەزگىلىدىكى ئىرىملار، ئىسىم قويۇش، چىللە («قىرىقى»نى كۆرسىتىدۇ.) تۇتۇش، بۆشۈك توي، چىللە تۈگىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك — «قىرىق سۈيى»، سۈننەت توي ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەت ۋە مۇراسىملىرىنى مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن:

(1) هامىلدارلىق ۋە بالا تۇغۇلۇش ھەمدە ئۇنى پەرۋىش قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئېتىقادىي قاراشلار ۋە تەسەۋۋۇرلار بىلەن ئۇيغۇنلاشقان ئۆرپ-ئادەت ۋە مۇراسىملار.

(2) مەخسۇس ئانا ۋە بالىنى كۈتۈشكە ئائىت ئۇدۇملار. هامىلدارلىق ۋە بالا تۇغۇلۇش ھەمدە ئۇنى پەرۋىش

قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك تۆرلۈك ئېتىقادىي قاراشلار ۋە تەسەۋۋۇرلارغا ئۇيغۇنلاشقان ئۆرپ-ئادەت ۋە مۇراسىملار:

ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، جۈملىدىن ئائىلىۋى مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تۆرلۈك تەسەۋۋۇر ۋە قاراشلار مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. بۇنداق قاراشلار ئىچىدە سېھىرگەرلىككە ئائىت قاراشلار كەڭ تارقالغان. ئەنە شۇنداق تەسەۋۋۇرلار ئاساسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارنىڭ بىرى ئايال ھامىلدار ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «ئانىلىق چېيى» مۇراسىمىدۇر. بۇ مۇراسىم ئاساسەن ئايال ھامىلدار بولۇپ يەتتە-سەككىز ئاي بولغاندا ئۇنىڭ ئانىسى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەزكۇر مۇراسىمغا پەقەت ئاياللارلا قاتنىشىدۇ. مۇراسىم ئادىتىگە ئاساسەن دەسلەپ مۇراسىم ئۈچۈن ياغ ۋە سۈت قوشۇلغان «ئانىلىق نېنى» تەييارلىنىدۇ. يەنى ئوتتۇرىسى كىندىككە ئوخشىتىپ ياسالغان مەخسۇس ئىككى ناننى ئالاھىدە پىشۇرىدۇ. بۇ ناننىڭ ئوتتۇرىسىنى (كىندىككە ئوخشاش ئويۇلغان جايىنى) ھامىلدار ئايال يېيىشى لازىم، قېپقالغان قىسمى مۇراسىم ئىشتىراكچىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ. بەزىلەر ئىككى «كىندىك»نىڭ بىرسىنى (يەنى كىندىككە ئوخشاش جايىنى) ئايالغا، ئىككىنچىسىنى ئۇنىڭ ئېرىگە ئۈشتۈپ بېرىشىدۇ ۋە قالغان قىسمىنى مۇراسىمغا قاتناشقان ئاياللارغا بۆلۈپ بېرىدۇ. (مۇئەللىپ، تاشكەنت شەھىرى، بېكتېمىر تۇمەنى، «بېكتېمىر» مەھەللىسى، 2011-يىلى) بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش لازىمكى، مەزكۇر ئېرىملاردا سېھىرگەرلىكتىكى ئوخشاشلىق پىرىنسىپىدىن پايدىلىنىلماقتا. يەنى ناننىڭ كىندىك شەكلىدە ياسىلىشى — كىندىك بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولغان ھامىلىگە ئوخشىتىشتىن دالالەت بېرىدۇ. كىندىككە ئوخشىتىپ ياسالغان ناننى ھامىلدار ئايالغا يېگۈزۈشتىن مەقسەت — ھامىلىنى ساق-سالامەت ۋايىغا يەتكۈزۈشكە ياردەم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئايرىم ئەھۋاللاردا ئۇزاق ۋاقىت مابەينىدە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن ئاياللارمۇ خۇددى شۇ ئايالغا ئوخشاش ھامىلدار بولۇشنى نىيەت قىلىپ مۇراسىمغا قاتنىشىشى مۇمكىن، مۇراسىم ئىشتىراكچىلىرى «بۇ ئايالمۇ ھامىلدار بولسۇن» دەپ دۇئا قىلىشىدۇ. مۇراسىمدا يەنە چەلپەك، ھالۋا، شىر گۈرۈچكە ئوخشاش مۇراسىم مەنىسىگە ئىگە تائاملار پىشۇرۇلىدۇ. بۇنداق تاماقلار ئەرۋاھلار ئۈچۈن تەييارلانسا، «ئاق ئانام» — يەنى شىر گۈرۈچ — ئاقلىق، ياخشىلىق، يورۇقلۇق ۋە بەختنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە پىشۇرۇلغان ۋە مۇراسىمغا قاتناشقان ھەممە كىشىگە بېرىلگەن. بۇنىڭدىن سىرت شۇنداق تەسەۋۋۇرلار ئاساسىدا دۇئا ئوقۇغان ئايال ۋە قاتناشقۇچىلارغا ئاق ماتادىن رومالچە ياكى رومال ھەدىيە قىلىنىدۇ. مۇراسىم ئىگىسى «سىزگە ئاق ئانامدىن ئاقلىق بولسۇن» دەيدۇ، «ئۆلگەنلەرمۇ ئاقلىق بولسۇن، ئامان-ئېسەن ئاخىرەت سەپىرى قىلسۇن» دەپ دۇئا قىلىشىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قانچىلىك ئايال چاقىرىش مۇراسىم ئىگىلىرىنىڭ شارائىتىغا قاراپ بولىدۇ. لېكىن قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى جۈپ بولماسلىقى، ئەكسىچە تاق بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، 5، 7، 9 نەپەر دېگەندەك، مەزكۇر مۇراسىمدا قۇدا تەرەپتىنمۇ مېھمانلار بولۇشى شەرت. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «ئانىلىق چېيى» مۇراسىمى بەزىدە ھامىلدار بولغىلى ئىككى-ئۈچ ئايلىق بولغاندا ياكى ئەگەر ئايال ھامىلدار بولالمايۋاتقان بولسا، ھامىلدار بولۇشنى نىيەت قىلىپمۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ. تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ئانىلىق چېيى» مۇراسىمى كۆپىنچە ھاللاردا تۇنجى قېتىم ھامىلدار بولغان ئايالغا ئاتاپ ئايالنىڭ ئانىسى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. لېكىن ئەگەر كېيىنكى قېتىم ھامىلدار بولغاندىمۇ بۇ مۇراسىمنى ئۆتكۈزمەكچى بولسا، ئايالنىڭ قېيىنئانىسى بۇ مۇراسىمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشى مۇمكىن. ئەمما بولغۇسى نەۋرە ئۈچۈن مەزكۇر مۇراسىمنى ئۆتكۈزۈش پەقەت ھامىلدار ئايالنىڭ ئانىسى تەرەپنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ. ھامىلدارلىق دەۋرىدە سېھرىي تەسەۋۋۇرلار ئاساسىدا يەنە بەزى ئىرىملارغىمۇ رىئايە قىلىنىدۇ. جۈملىدىن، ھامىلدار ئايال قاپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرماسلىقى كېرەك، بولمىسا بالا «قاپلىق» تۇغۇلۇپ قالىدۇ ياكى ھامىلدار ياستۇقنىڭ باش تەرىپىنى پەسكە قارىتىپ قويسا، بالا ئايىغى تەرەپتىن كېلىپ قالىدۇ دېگەن گەپ بار، يەنى ياستۇقنىڭ تىكىلگەن جايى پەستە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىمۇ سېھىرگەرلىكتىكى ئوخشاشلىق قانۇنىيىتىگە ئائىت قاراشلار مەۋجۇت، ھامىلە قاپقا ۋە ياستۇققا ئوخشىتىلغان. ئەگەر ئايالنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان تۇرۇپمۇ تۇغمىسا، يەنى ھامىلدارلىق مۇددىتى سوزۇلۇپ كەتسە، تېزرەك تۇغسۇن دەپ تۇگە سۈتىنى ئىچۈرىدۇ. بىر

ئاخباراتچىنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، خوتۇنى تۆگە گۆشى
يېگەن ۋە ئاقىۋەتتە هامىلدارلىق سوزۇلۇپ كەتكەن، ئۇ-
نىڭغا تۆگە سۈتى ئىچكۈزۈلگەندىن كېيىن تۇغقان. (مۇئەل-
لىپ ئىزاهاتى، تاشكەنت، ۋ، ئورتا چىرچىق تۇمەنى،
2011-يىل) تۇغۇت جەريانى خەۋپلىك جەريان، شۇ تۇ-
پەيلى بۇ دەۋردىمۇ كۆپلىگەن ئىرىملارنىڭ بولۇشى دۇن-
يادىكى بارچە خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىلىرىدە ئۇچرايدۇ.
تۇغۇت پەيتىدە تۈرلۈك جىن-شاياتۇنلار، زەرەرلىك
كۈچلەر تۇغۇۋاتقان ئانا بىلەن بالىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان-
لىقى هەققىدىكى قاراشلار دۇنيادىكى بارلىق خەلقلەردە
مەۋجۇتلۇقى هەققىدە خېلى كۆپ مىساللار مەۋجۇت.
بۇنداق قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەسەۋۋۇرلىرى-
دىمۇ مۇهىم ئورۇن تۇتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرىملىرىگە
كۆرە، ئايالنىڭ تولغىقى تۇتقاندا ئوچاققا ئوت يېقىپ، سۇ
قاينىتىش كېرەك، سۇ قانچە قاتتىق قاينىسا، بىر تولغاقنى
يەڭگىللىتىدۇ دەپ چۈشىنىشكەن. ئەگەر ئوچاق بولمىسا،
گازدا قويۇپ قايناتقان. بالا هەمراهىنى تىلسىمي كۈچكە
ئىگە ۋە بالىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە تەسىر قىلغۇچى ۋاس-
تە سۈپىتىدە كۆرۈش بارچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدە
كەڭ تارقالغان. بۇنىڭغا ئوخشاش قاراشلار ئۇيغۇرلاردى-
مۇ مەۋجۇت، بوۋاقنىڭ كىيىم-كېچىكى بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك ئۇدۇملارمۇ بارلىق سېهرىي قاراشلار ئاساسىدا شە-
كىللەنگەن دېسەك خاتا بولمايدۇ. جۈملىدىن، باشقا خەلق-
لەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلاردىمۇ بوۋاق ئۈچۈن يېڭى كىيىم
سېتىۋېلىنماستىن، بەلكى ياشانغان، بىر پەرزەنتلىك كىشى-
لەرنىڭ كونا كىيىم-كېچەكلىرىدىن تەييارلانغان. بۇ ئىرىم
بۇ گۆدەكنىڭمۇ شۇ كىشىگە ئوخشاش ئۇزۇن ئۆمۈر
كۆرسۇن، ساغلام چوڭ بولسۇن دېگەن مەقسەتتە قىلىنى-
دۇ. بۇ ئىرىم ئاساسىدا سېهرگەرلىككە ئائىت تەسەۋۋۇر-
لار مەۋجۇت دېسەك توغرا بولىدۇ. كۆپىنچە ئۇيغۇرلاردا
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ كىيى-
مىدىن ياكى ماتەم مۇراسىمىدا بېرىلىدىغان رەختلەردىن
ئېلىپ «چىللە كىيىم» قىلىنغان. بۇ كىيىملەر چىللە چىققان-
دىن كېيىن ساقلاپ قويۇلىدۇ ۋە باشقا باللارغا چىللە
دەۋرى داۋامىدا كىيدۈرۈش مۇمكىن. بۆشۈك توي مۇرا-
سىمىدىمۇ سېهرىي تەسەۋۋۇرلارغا ئائىت ئىرىملار كۆپ
ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلاردا «سۆڭەك ئىگىسى»، يەنى بالىنىڭ
ئەڭ يېقىن قېرىنداشلىرى — ئاتا تەرەپ هېسابلىنىدۇ.



شۇنىڭ ئۈچۈن بالىنى تۇنجى قېتىم ئاتا تەرەپتىكى قېرىن-
داش ئايال بۆشۈككە بۆلۈشى كېرەك. بالىنى بۆشۈككە
بۆلەشتىن بۇرۇن مەلۇم ئىرىم — يەنى «ياش بالام» ئى-
رىمى بېجىرىلىدۇ. بۇ ئادەتكە ئاساسەن، دەسلەپ بىر
تاشنى بۆشۈككە خۇددى بالىنى بۆلىگەندەك تەسەۋۋۇر
قىلىپ «بۆلەيدۇ»، ئۇنىڭدىن كېيىن بالا ياتقۇزۇلىدۇ.
تۈرلۈك چىللە «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنكى، كېلىن-كۈيەۋ-
لىك هاياتنىڭ دەسلەپكى 40 كۈنى ۋە بالا تۇغۇلغاندىن
كېيىنكى 40 كۈن) مەزگىلىنىڭ بىر-بىرىگە زىددىيەتلىك
ئىكەنلىكى خۇسۇسىدىكى قاراشلار بارچە ئوتتۇرا ئاسىيا
خەلقلىرىگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارغىمۇ خاستۇر. بۇنداق قا-
راشلار ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ بارمىدى ياكى
ئۇلار يەرلىك خەلقلەردىن ئۆزلەشتۈرگەنمۇ؟ دېگەن مە-
سىلە تېخى ئايدىڭلاشقىنى يوق. ئۇيغۇرلاردا ئۆلگەن
ئادەم هەققىدە خەۋەر بېرىلسىمۇ بالىغا چىللە تۇشىدۇ،
دەپ ئىشەنچ قىلىدۇ. شۇندا ئۆلگەن ئادەم يۇيۇلغان
قولقاپ (پەلەي) بىلەن بالىنى چۆمۈلدۈرۈش لازىم
ئىكەن، بۇ قولقاپنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئۈچۈن قويۇلغاندا
يارىلارمۇ قۇرۇپ چۈشەر ئىكەن. (مۇئەللىپ ئىزاهاتى.
تاشكەنت ۋ، ئورتا چىرچىق تۇمەنى، «قۇتۇپ يۇلتۇزى»
مەهەللىسى، 2011-يىل) بەزى ئائىلىلەردە چىللىلىك
ئۆيگە دەرۋازىنىڭ تۆپىسىگە قىزىل لاتا ئېسىپ قويۇش
ئادىتىمۇ بولغان. بۇ «كۆزى يامان» ئادەملەرنىڭ چىللىك
ئۆيگە كىرمەسلىكى ئۈچۈن بىر خىل بەلگىلىك رولىنى
ئوينايدۇ. خۇددى ئۆزبېكلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارمۇ
چىللىنىڭ چىقىشى — چىللە دەۋرىنىڭ تۈگىشىنى ئالاهىدە
مۇراسىم سۈپىتىدە بىلىدۇ. بۇ مۇراسىم «قىرىق سۈيى»
(مۇئەللىپ ئىزاهاتى. تاشكەنت، ۋ. ئورتا چىرچىق تۇمە-
نى، قۇتۇپ يۇلتۇزى مەهەللىسى، 2011-يىل) دەپ ئاتى-
لىدۇ. بۇ مۇراسىم ئۈچۈن دەسلەپ 40 تال مەخسۇس نان
— «توقاچ» («كۆمەچ»كە ئوخشاش) پىشۇرۇلىدۇ.
ئەگەر بالا قىز بولسا بىر ئىدىشقا زىرە، ئۈزۈك، ئىسرىق
— ئۇيغۇرچە «ئادراسمان»، ئازراق گۆش، بىر چىمدىم
تۇز، شېكەرگە ئوخشاش نەرسىلەر سېلىنىدۇ، ئەگەر بالا
ئوغۇل بولسا، زىرە ۋە ئۈزۈكنىڭ ئورنىغا تەڭگە سېلىنى-
دۇ، ئىلگىرى مەسچىتلەرنىڭ ياكى كونا ئۆينىڭ تېمىدىن
ئازراق ئېلىنىپ خالتىغا سېلىپ قويۇلغان. ئەلۋەتتە سۇغا سې-
لىنغان هەر بىر نەرسە تىلسىمي كۈچكە ئىگە سىمۋوللۇق

مەنە ئىپادىلەنگەن. مەسلەن، گۆش، تۇز، زىبۇزىننەت ۋە
تەڭگىلەر باياشات ھايات ۋە بايلىقنىڭ، شېكەر «شېرىن»
ھاياتنىڭ، مەسچىت دىۋارىنىڭ پارچىسى بولسا بالىنىڭ كەل-
گۈسدە ئېتىقادلىق — نامازخان بالا بولۇشىنىڭ سىمۋولى
بولغان. بۇ نەرسىلەر خالتىغا سېلىنىپ، ئالاھىدە ئىدىشتا
قاينىتىپ ئاندىن سوۋۇتۇپ تەييارلانغان سۇدىن ئالدىن
چوڭلار ئۈچ قوشۇقتىن ئېلىپ نەرسىلەر سېلىنغان ئىدىشقا
قۇيۇلىدۇ. ئاندىن چاقىرىپ كېلىنگەن بەش-ئالتە بالىمۇ
سۇنى قوشۇقتا ئېلىپ ئىدىشقا قۇيۇشى كېرەك. بۇنىڭ
قىزىق يېرى شۇكى، ساناپ قۇيۇلىدىغان سۇنى 40 قو-
شۇققا يەتكۈزۈشى كېرەك. ئاندىن كېيىن شۇ سۇ بىلەن
بالا چۆمۈلدۈرۈلىدۇ. ئۇيغۇرلاردىمۇ ئەجدادلار روھىدىن
مەدەت تىلەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەسەۋۋۇرلار
مەۋجۇت. جۈملىدىن ئۇلاردا ئەگەر چىللە دەۋرىدە بالا
تولا كېسەل بولسا «جىن چاپلىشىپتۇ» دېيىشىدۇ ۋە بۇ-
نىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن «ئەرۋاھ ئېشى» ئېتىدۇ. يەتتە
ئۆيدىن بىر سقىمدىن ئۇن، تۇز سوراپ كېلىپ خېمىر قى-
لىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يەتتە خىل شەكىل ياسىلىدۇ (ئۈچ
بۇرجەك، رومبا ۋەھاكازا) ھەمدە سۇيۇق تاماق تەييارلى-
نىدۇ. ئىككى چەلپەك، ئىككى نان بىلەن تۆت كوچىنى
ئايلاندۇرۇلىدۇ ۋە ئۇچرىغان ئادەمگە بىر قوشۇقتىن بې-
رىدۇ. بەزى جايلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلاردا شۇ كۈنى —
«قىرىق سۈيى» مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن بالى-
نىڭ چېچى ۋە تىرناقلىرى ئېلىنىدۇ. يەنى ئاشۇ كۈنى
يېشى چوڭراق، بالىلىرى ساغلام چوڭ بولغان، بىر نىكاھ-
لىق بولغان كىشى چاقىرىلىپ، ئۇ ئىرىم باشلاپ بېرىلىدۇ،
ئاندىن چاچ ۋە تىرناقلىرى ئېلىنغان (ئۇيغۇرلاردا قىز
بولسا، ئايال كىشى، ئوغۇل بولسا ئەر كىشى چاچ ۋە
تىرناقلىرىنى ئالغان) ۋە مېۋىلىك دەرەخنىڭ تېگىگە
كۆمۈپ قويۇلغان.

بالىنىڭ تۇنجى قەدەم تاشلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
مۇراسىم — «بۆشۈك توي» ئادىتىدىنمۇ سېھىرگەرلىكتى-
كى ئوخشاشلىق پرىنسىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قاراشلار-
نى كۆرۈشكە بولىدۇ. يەنى بالىنىڭ ئايىغى چىقىشقا باشلى-
غاندا ئىككى ئاياغنى بىرلەشتۈرۈپ يىپ بىلەن باغلاپ قو-
يۇلۇشى ۋە يېشى چوڭ بىر ئايال تەرىپىدىن بۇ يىپنىڭ
كېسىلىشى ئەنە شۇنداق تەسەۋۋۇرلارنىڭ نەتىجىسىدۇر.
بۇنىڭدىن باشقا يىپنى كېسىدىغان ئادەمنىڭ قانداق ماڭى-
دىغانلىقىغىمۇ ئېتىبار بېرىلگەن — بۇ كىشى چىرايلىق ما-
ڭىدىغان بولۇشى لازىم، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇنداقلا
بالا يىقىلماستىن، ئايىغى مەزمۇت چىقىدىكەن. بەزىلەر با-
لىنىڭ ئايىغىنىڭ «تېزرەك چىقىشى»، پۇتىنىڭ كۈچكە تو-
لۇشى ئۈچۈن ماي سۈرۈپ ئۇۋۇلايدۇ ۋە پاختىدەك
يەڭگىل يۇرسۇن دەپ يۈزىگە پاختىنى ئېلىپ، «پۇف»
دەپ ئۇچۇرىدۇ. ھامىلدارلىق ۋە بالا تۇغۇلۇشى ھەمدە
ئۇنى كۈتۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەت ۋە مۇ-
راسىملاردا ئىسلام ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدىنمۇ كۆرۈشكە بو-
لىدۇ. كۆپ ھاللاردا كۆپلىگەن ئۆرپ-ئادەت ۋە مۇرا-
سىملارنى بېجىرىشتە ئىسلام ئامىللىرى (مەسلەن، دۇئا
ئوقۇش ياكى پەيغەمبەرلەر پائالىيەتلىرىگە ئائىت رىۋايەت-
لەردىن پايدىلىنىش ۋاھاكازالار)دىن پايدىلىنىدۇ.
ئالايلۇق، «ئانىلىق چېپى» مۇراسىمىدا مۇراسىمغا باش
بولغۇچى ئايالنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىدىن ئوقۇشى، مۇرا-
سىمنىڭ «بىسمىللاھ» دەپ باشلىنىپ، دۇئا بىلەن ئاخىر-
لىششى بۇ پىكرىنىڭ دەلىلىدۇر. بالىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە
ئۇنى پەرۋىش قىلىش دەۋرىدىكى ساپ ئىسلامىي مۇراسىم —
بۇ بالىنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىلىشى ۋە ئىسىم قويۇلۇشى-
دۇر. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلاردا بالا تۇغۇ-
لۇپ 12 كۈن بولغاندا ئىسىم قويۇلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەر تە-
رەپنىڭ قېرىنداشلىرى، موللا ياكى ئىسلامىي رەسىم-يو-
سۇنلارنى ياخشى بىلىدىغان يىگىتبېشى چاقىرىلىدۇ. بۇ مۇ-
راسىم تۆۋەندىكىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ: ئاۋۋال موللا ئولتۇرۇ-
شى كېرەك بولغان جايغا جايىنامازنى سېلىپ، زاكىلانغان
بالىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. موللا بالىنىڭ ئوڭ قۇلىقى-
نى تۇتۇپ ئەزان ئېيتىدۇ ۋە كەلىمە ئوقۇغاچ — «ئاللاھ-
نىڭ ئەمرى بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەل-
لەمنىڭ سۈننىتى بىلەن، ئىمامىي ئەزەم مەزھىبى ۋە شۇ
ئولتۇرغانلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن سىز بۇنىڭدىن كېيىن
پالانچى (ئاتىنىڭ نامى ئېيتىلىدۇ)نىڭ ئوغلى ياكى قىزى
پەرىشتىلەرنىڭ ئاسماندىن ئېلىپ چۈشكەن ئىسمى بىلەن
پالانچى باي (بالىنىڭ ئىسمى) بولىدۇ،» دەيدۇ. ئاندىن
كېيىن بالىنىڭ بېشى قىبلىگە قارىتىپ ياتقۇزۇلىدۇ ۋە يەنە
دۇئا ئوقۇپ تىلەك تىلەيدۇ. بالىنى ئاتا-ئانىلىرى ۋە
باشقا قېرىنداشلىرى تەبرىكلەيدۇ. بالىغا ئىسىم قويۇپ
بولغاندىن كېيىن جايىنامازدا يۇمىلىتىپ ئالىدۇ. ئاندىن شۇ
جايىنامازنى ئېلىپ قويىدۇ. بۇ يەردە جايىناماز تىلسىمي

قۇدرەتكە ئىگە نەرسە سۈپىتىدە مۇقەددەسلەشتۈرۈلمەكتە. دېمەك، مۇسۇلماندارچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملارنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ئادەتكە ئايلانغان. چىللە دەۋرى تۈگىگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان «قىرىق سۈيى» مۇراسىمىدىمۇ يۇيۇندۇرۇلغان بالا جايىنامازدا يۇمىلىتىپ ئېلىنىدۇ. بالىنىڭ قۇلىقىغا «ئەزان ئېيتىش»، يەنى ئۇنى مۇسۇلمان سۈپىتىدە «قۇلىقىنى ئېچىش» بۇگۈنكى كۈندىمۇ ھەر بىر مۇسۇلمان ئائىلە ئۈچۈن مەجبۇرىي ئادەت قاتارىغا كىرىدۇ. پەقەت ئىلگىرى بۇ ئادەت بالا تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ ئۈچ كۈن ياكى 12 كۈن ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، ئەمدى ئانا بىلەن بالا دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلمەكتە. ئىسىم قويغاندىمۇ ئىسلامىي ئىسىملارنى قويۇشقا تىرىشقان. مەسىلەن، مۇھەممەد، ئابدۇكېرىم، ئابدۇخالىق، رابىيە، ئائىشە دېگەندەك. ئەمما ھازىرقى ۋاقىتلاردا بالىلارغا ئىسىم قويۇشتا كۆپرەك ئۇنىڭ ئاھاڭدارلىقلىقى ۋە چىرايلىقلىقىغا ئېتىبار بېرىلمەكتە. مۇسۇلماندارچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك قاراشلار يەنە ئەر-ئاياللارنىڭ ئورنى خۇسۇسىدىكى چۈشەنچىلەردىمۇ نامايان بولىدۇ. بىر ئاخباراتچىنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، 60 قا كىرگەندە بالىنىڭ دەسلەپكى چاچ ۋە تىرناقلىرىغا ئاۋۋال ئەركەكلەر قايچا ئۇرۇپ بەرگەن، ئاندىن كېيىن ئاياللار ئېلىشقان، چۈنكى ئۇنىڭ پىكرىچە، «مۇسۇلماندارچىلىقتا ئەر كىشى تۇرغان يەردە ئاياللار دۇئا ئوقۇمايدۇ، ئاياللار ئەرلەردىن بىر قەدەم ئارقىدا يۈرۈشى كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلەر دەسلەپ دۇئا ئوقۇغاچ ئاندىن ئاياللار ئىشنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ.»

ئادەتكە ئاساسلانغاندا، چاچ ۋە تىرناقلار ئېلىنىۋاتقاندىمۇ «قۇرئان»دىن ئايەتلەر ئوقۇلىدۇ. ئىسلامىي مۇراسىم سۈپىتىدە يەنە «ئەقىقە» مۇراسىمىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئەمما بارلىق ئاخباراتچىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ مۇراسىم ئىلگىرى بولمىغان، ئاساسەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن كېيىن ئۆرپ-ئادەتكە ئايلىنىشقا باشلىغان. ھازىرقى كۈندىمۇ بۇ مۇراسىمنى ھەممە كىشى ئۆتكۈزىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. كۆپىنچە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ئائىلىلەر ئارىسىدا «ئەقىقە» قىلىش كەڭ تارقالغان.

بالا تەربىيەسى جەريانىدا ئىسلام ئېتىقادىغا ئائىت مۇراسىم — سۈننەت توي مۇراسىمىدۇر. مەلۇم بولۇشىچە، ئىلگىرى سۈننەت توي كىچىك مۇراسىم سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈلگەنىكەن. تويغا ئارتىسلارنى چاقىرىش، مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئويۇن-كۈلكىلەرنى قىلىش كېيىنرەك ئادەتكە ئايلاندى. سۈننەت تويدا مۇسۇلماندارچىلىققا ئائىت ئادەتلەر سۈپىتىدە ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئالاھىدە چاقىرىلىشى، داستىخانغا ئىسپىرتلىق ئىچىملىك قويماسلىقى ۋە ھەر بىر تەدبىرنىڭ «قۇرئان» كەلىمىلىرى بىلەن باشلىنىپ، دۇئالار بىلەن ئاخىرلىشىشىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. لېكىن ھازىرقى ۋاقىتلاردا تويلار قەھۋەخانا ۋە رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەر-ئاياللار بىرلا ۋاقىتتا قاتناشماقتا ۋە داستىخانلارغىمۇ ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر قويۇلماقتا.

### ئانا ۋە بالىنى كۈتۈشكە ئائىت ئۇدۇملار

يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتۈلگەندەك، ئۇدۇملارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇرلاردىمۇ بالىنىڭ ساغلام تۇغۇلۇشىنى مەقسەت قىلغان سۆز-ھەرىكەتلەر ئايال ھامىلدارلىق دەۋرىدىراق باشلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ھامىلدار ئايالغا تېخىمۇ بەكرەك ئېتىبار بېرىدۇ. ئەگەر بۇ ئايال كىشىنىڭ تۇنجى قېتىم ھامىلدار بولۇشى بولسا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى يەتتە-سەككىز ئايلىق بولغاندا كۈيئوغلى تەرەپكە بېرىپ قىزىنى ئۆز ئۆيىدە كۈتۈش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ ئادەت «قىزنى سوراپ ئېلىش» ياكى «تىلەپ ئېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر قىزنى «سوراپ ئېلىش» ئۈچۈن ھامىلدارلىقنىڭ 5-، 6-، 7-ئايلىرىدىمۇ قۇدا تەرەپكە بېرىشى مۇمكىن. بۇ كېلىن تەرەپنىڭ خۇسۇسىي ئەھۋالى ۋە شارائىتىغىمۇ باغلىق. مەسىلەن، ئاخباراتچى قاھارووۋا نۇرھەببە ئاپىنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، ئۇ قىزى ھامىلدار بولۇپ 7-ئايدا قۇدىسىنىڭ ئۆيىگە بارغان. لېكىن كۈيئوغۇ تەرەپتىن ھامىلدار ئايالنى ئاتا-ئانىسى سوراپ كېلىشى بىلەن ھەر ۋاقىت رۇخسەت بېرىۋەرمەيدۇ، ئايرىم ھالەتلەردە ئاشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جاۋاب بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، بىر ئاخباراتچىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قىزىنى سوراپ بارغاندا، قۇدا تەرەپ — «ھازىر جاۋاب بېرەلمەيمىز، تۇغۇتى يېقىنلاشقاندا ئېلىپ كەتسىڭىز بولارمىكىن» دېيىشكەنىكەن. دېمەك، قۇدا تەرەپ ئۆز شارائىتىنى ئويلىشىپ، تاكى تۇغقۇچە ئايالنى بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن، بۇنداق بولغاندىمۇ ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قويۇلىدۇ. باشقا بىر ئاخباراتچىمىزنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، «قىزنى سوراپ كېلىش» ئۈچۈن بەش-ئالتە نەپەر كىشىنىڭ بېرىشى كۇپايە، قۇدىسىدىن

«ئەگەر رازى بولساڭلار قىزىمىزنى ئېلىپ كەتسەك،
تۇغسا 40 كۈن قاراپ بەرسەك» ــ دەپ سورىشىدۇ،
ئەمما ئايالنى بىردىنلا ئېلىپ كېتىشمەيدۇ. قۇدا تەرەپ
رازى بولسا، تەييارلىق كۆرۈپ تۇرۇشىدۇ. ئەگەر كۈيەۋ
تەرەپ ھامىلدار ئايالنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىلمىسا،
بۇنداق ئەھۋالدا تۇغقاندىن كېيىن تۇرىدىغان ئايالنىڭ ئا-
نىسى ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئومۇمەن ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەنئەنىۋى ئادىتىدە، ئايال بىرىنچى پەرزەنتىنى ئۆز ئاتا-
ئانىسى ئۆيىدە تۇغۇشى شەرت. دېمەك، پەرزەنت تۇغۇل-
غاچقا ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىشى ۋە ئاشۇ يەردە
چىللىسىنى ئۆتكۈزۈشى شەرت. ئايال ۋە بالا پۈتۈن
چىللە داۋامىدا ئانىنىڭ ئۆز ئۆيىدە پەرۋىش قىلىنىدۇ. سە-
ۋەبى تۇغقان ئايال ئېغىر ئىش قىلماسلىقى كېرەك. ئاخبا-
راتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، «ئايال ئۆز ئۆيىدە بىمالال ياتا-
دۇ، قېيىنئانىسى ئالدىدا بولسا «قورۇنىدۇ» (خىجالەت
بولىدۇ) تۇنجى قېتىملىق ھامىلدارلىقتا ۋە تۇغۇتتىن كېيىن
ئايال ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش كېرەك، بولمىسا كېسەل-
چان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپكى
پەرزەنت كۆرۈشتە ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش زۆرۈر.»
چىللە دەۋرىدە تۇغقان ئايالنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكىگە ئېتىبار
بېرىشمۇ مۇشۇ خىل ئۆدۈملار تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇيغۇر-
لاردىمۇ تۇغقان ئايالغا سۈتى كۆپەيسۇن دېگەن مەقسەتتە
سۇتلۇك سۇيۇق تائاملار بېرىلىدۇ، سۈت ۋە ئۇنىڭدىن
تەييارلانغان يەنە بىر باشقا تائام ــ ئۇماچ بېرىلىدۇ.
تۇغقان ئايالغا سوغۇقلۇق سانىلىدىغان، قېرىنىنى دەم قىلى-
دۇرىدىغان (مەسىلەن، ئايرىم مېۋە تۈرلىرى، ياڭيۇغا
ئوخشاش نەرسىلەردىن تەييارلانغان) تائاملار بېرىلمەيدۇ.
تۇغقان ئايال چىللىسى چىقمىغۇچە ئاچچىق نەرسىلەر
(لازا، سىركە)نى يېمەسلىكى كېرەك. تۇغقان ئايالغا
كۆپرەك سۇيۇق تاماقلار ۋە ئەتكەن چاي بېرىشىدۇ.
ئەتكەن چاي تەييارلاش ئۈچۈن سۈتكە قوي يېغى ۋە تۇز
سېلىنىپ قاينىتىلىدۇ. بەزى چاغلاردا ئۇنىڭغا قايماقمۇ قو-
شۇلىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ تائام ناھايىتى سىڭىش-
لىك بولۇپ، ئاسان ھەزىم بولىدىكەن. ئومۇمەن، ئۇيغۇر-
لاردا قوي گۆشىدىن تەييارلانغان تائاملار «ئىسسىقلىق»
ۋە پايدىلىق ھېسابلانغان. شۇ سەۋەبتىن يېڭى تۇغقان
ئايال ئۈچۈن ئىلاجى بار قوي سويۇلىدۇ ۋە شۇ قوي
گۆشىدە سۇيۇق تائاملار قىلىپ بېرىلىدۇ. ھازىرقى ۋاقىت-
لاردا قوي سويۇلمىسا، بازاردىن قوي گۆشى ئېلىپ كېلىپ
تاماق قىلىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. بەزى قاراشلارغا ئاساس-
لانغاندا، ئەگەر ئايال تۇنجى تۇغۇتتا ياخشى كۈتۈلسە
تېنى ساق تۇرىدۇ ۋە كېيىنكى تۇغۇتتا قىينالمايدۇ. چىللە
دەۋرىدە ئاۋام تېبابىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆ-
دۈملار قىلىنغان، يەنى ئانا ۋە بالىنى ئازادە تۇتۇشقىمۇ
ئەھمىيەت بېرىلگەن. چىللە دەۋرىدە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە
ئىگە ئادەتلەر سۈپىتىدە ئايالنىڭ بېلىنى باغلاپ يۇيۇش
ئادىتىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. تەكىتلەپ ئۆتۈلگىنىدەك،
چىللە دەۋرىدىكى ئادەتلەر مەزمۇنەن ئانا ۋە بالىنى ئاس-
راشقا قارىتىلغان، شۇ سەۋەبلىك، تۇغقان ئايال قاراڭغۇ
چۈشكەندە يالغۇز يۈرمەيدۇ، كەچتە ئۆزى يالغۇز ئۇخلى-
مايدۇ، چىللىلىك ئۆيگە ھەرقانداق ئادەم كىرگۈزۈلمەيدۇ.
ئۇيغۇرلارنىڭ چىللە بىلەن باغلىق ئۆدۈملىرىدا ئۆزىگە
خاس خۇسۇسىيەتلەرمۇ بار. ئۇلاردىن بىرى ــ كىچىك
چىللە ئۇلاردا 12 كۈندە چىقىدۇ. (ئۆزبېكلەردە بولسا
چىللە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: 20 كۈنگىچە كىچىك چىللە، 40
كۈنگىچە چوڭ چىللە) ۋە بۇنىڭدىن كېيىن چىللە تەرتىپلە-
رى خېلى بوشايدۇ. مەسىلەن، تۇغقان ئايال يېقىن قېرىن-
داشلىرى بىلەن كۆرۈشۈشى، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇ-
شى مۇمكىن. ئۇلاردا 20-كۈندە «چوڭ چىللە چىقىدۇ»
دېيىلىدۇ ۋە 40~41-كۈندە ئومۇمەن چىللە دەۋرى تۈ-
گىگەن ھېسابلىنىدۇ. كۆرۈپ ئۆتۈلگەندەك، ئايالنىڭ ھا-
مىلدارلىق، تۇغۇش ۋە چىللەر دەۋرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان
مۇراسىملار ھەر خىل بولۇپ، بۇلار ئاساسەن ئايالالارنىڭ
باشچىلىقىدا ۋە قاتنىشىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھازىرقى
ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادەت ۋە مۇراسىملىرى
ئۆزبېكلەرنىڭ شۇ تۈردىكى ئۆدۈملىرىغا ئوخشىشىپ كەت-
مەكتە. ئاخباراتچىلىرىمىزنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا،
ئىككى تەرەپ-كېلىن-كۈيەۋ تەرەپ ئۇيغۇر بولسىلا، مۇ-
راسىملار ئۇيغۇرچە رەسىم-يوسۇنلار بويىچە ئېلىپ بېرى-
لىدۇ. ئەگەر قۇدا تەرەپنىڭ بىرى ئۆزبېكلەر بولسا، ئۆز-
بېكچە مۇراسىملارمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇر-
لارغا خاس ئۆدۈم ۋە مۇراسىملار ئۇيغۇرلار توپلىشىپ يا-
شايدىغان جايلاردا ياخشى ساقلىنىپ قالغان. ئەمما، ئۆز-
بېكلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان جايلاردا بولسا ئۇنتۇ-
لۇپ بارماقتا.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇقەييۇم مىجىت
(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەت-
لەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن)

# قىز-يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرى



ئىلاۋە: خەلق ئەدەبىياتى بايلىقى
خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى مىراسلىرى ئىچىدە-
كى ئەڭ يارقىن جۇلالىق گۆھەرلىرىمىز-
نىڭ بىرىدۇر. خەلق ئەدەبىياتى خەلقى-
مىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ، ئەجدادلار
ئۇدۇم-ئىرىملىرىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈ-
زۈپ، روھىي رىشتىمىزنى ئۈزمەي بىر-
بىرىگە ئۇلاپ، قانداق ئادەم بولۇش،
قانداق ياشاش، نېمىدىن نەپرەتلىنىش،
نېمىگە ئىنتىلىشنى ئۆگىتىدۇ. خەلق ئە-
دەبىياتى روھىيىتىمىزنى پاكلاپ ياخشى-
لىققا ئۈندەيدۇ. ئەۋلادلارغا ئىنساپلىق،
مېھنەتكەش، پاك، دىيانەتلىك، مېھىر-
مۇھەببەتلىك، ئەقىدىسىگە سادىق، سە-
ممىي چىن ئىنسان بولۇشنى ئۆگىتىدۇ.
ئۇ بىزنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىمىز.

1925-يىلى موسكۋادا ئۇيغۇر تىلى-
دا نەشر قىلىنغان«ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىيا-
تى نەمۇنىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ تۈز-
گۈچىلىرى ل. نەسر قاتارلىقلار بۇ كىتا-
بنى تۈزۈشتە پانتاسوف قاتارلىقلارنىڭ
خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش
ۋە تۈزۈش مېتودىدىن پايدىلانغان دەپ
كېسىپ ئېيتالايمىز. چۈنكى كىتابنىڭ
«كىرىش سۆزى» (ئەسلى كىتابتا ‹باش-
لامچى سۆز› دەپ ئېلىنغان) دە كىتابنى
تۈزۈشتە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرنى،
تەمىنلىگۈچى-
لەرنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى، يۇرتى، كەسپى قاتارلىقلارنى
ئىمكانقەدەر تولۇقلاشقا تىرىشقان، ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەر-
نىڭ تىل ئۇسلۇبىدىن قارىغاندىمۇ تېكىستلەر بىر خىل قې-
لىپتا ئېلىنغان ئەمەس، ئىنچىكىلەپ مۇھاكىمە قىلغاندىمۇ
ئۇنىڭ ئەسلى ئېيتىپ بەرگۈچى قانداق ئېيتىپ بەرگەن
بولسا،شۇنداق خاتىرىلەنگەنلىكىنى بايقاش تەس ئەمەس.
ئەسەرنىڭ تىلى خاھىدا جاغىستاي شىۋىسىگە چۈمۈلسە،
خاھىدا قەشقەر شىۋىسى ئالاھىدىلىكى روشەن ئىپادىلىنى-
دۇ. ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدىن قارىغاندا بىر خىل ئىملا
قائىدىسىگە رىئايە قىلىدۇرۇلمىغان. «ر» نىڭ ئورنىغا
«ي» نى قوللىنىدىغان، «ر» چۈشۈپ قالىدىغان فونتىكى-
لىق تىل ئادىتى دائىم ئۇچرايدۇ. ۋەھالەنكى ئەسەر توپ-
لانغان ۋاقىت بۇنىڭدىن بىر ئەسەر ئىلگىرى، يەنى
كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا 1917-، 1924-يىللىرى ئارىلىقى-
دا بولغاچقا قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىدا ئەينەنلىك بار. بۇ تە-
رىپى تولىمۇ قىممەتلىكتۇر. ئەسەر تىل جەھەتتىن ھەر
يۇرتنىڭ شىۋە دىئالېكت ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەندىن
سىرت يەنە مەزمۇن ئەينەنلىكىنى ساقلىغان، بۇ ئۇنىڭ
ئەڭ مۇھىم قىممەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى.

بۇ قوشاقلار مەزمۇن پۈتۈنلۈكىنى ساقلىغان ياكى
نىسبىي ساقلىغان قوشاقلار بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتە ئەنئ-
ەنىۋى قوشاق شەكلىنى ساقلاپ قالغان. توپلانغان قو-
شاقلار مۇھەببەت قوشاقلىرى، مۇراسىم قوشاقلىرى، قايغۇ-
ھەسرەت قوشاقلىرى، ئورما قوشاقلىرى، رامىزان قوشاق-
لىرى دەپ ئىلمىي تۈرلەرگە ئايرىلغان. تۈرگە ئايرىش

ئۇسۇلىدىن قارىغاندىمۇ خەلق ئەدەبىياتىنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئىلمىي پرىنسىپلىرى قوللىنىلغان. ئەلۋەتتە بۇ خىل مېتود ۋە تۈرگە ئايرىش پرىنسىپلىرى ياۋروپادا 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى مەيدانغا كېلىپ قوللىنىشقا باشلانغانلىقىغا خېلى ئەسىرلەر بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما مۇشۇ زامان فولكلور مەدەنىيىتى، شۇ جۈملىدىن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە ھەققىي تەتبىقلىنىشى ۋە قوللىنىلىشى ئېھتىمال بىزدە تۇنجى بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر تەرەپتىن مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن قوشاقلار نىسبەتەن ئەسلىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئەسلىي مەزمۇنىنى ساقلاپ قالغان بولغاچقا بۈگۈنكى كۈندە ئەمەلىي قوللىنىۋاتقان ، ناخشا قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان ، توپلام قىلىپ نەشر قىلىنىپ بولغان، قۇرۇلما، مەزمۇن جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىنىۋاتقان قوشاقلار بىلەن خاھىشى بويىچە مەزمۇنلارنى قوشۇپ خەلقنىڭ ھەققىي مەنىۋى بايلىقى بولمىش خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىرادىسىگە بېقىندۇرۇپ ئۆزگەرتىۋاتقان ، خالىغانچە كىشى ئىسمى ، جاي ئىسمى ۋە باشقا قوشاقلاردا ئۇچرايدىغان تۈرلۈك شەيئىلەرنىڭ نام ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ، بۇزۇۋېتىۋاتقان، رەتلەش قالپىقى بىلەن قالايمىقان قىلىۋاتقان ئەھۋاللاردا نىسبەتەن مۇكەممەلرەك ساقلىنىپ قالغان خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى جامائەتكە سۇنۇش بەك ئەھمىيەتلىك دەپ قارايمەن.

ئەلۋەتتە مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز مالىيەسىنىڭ ھەرتەرەپلىمە قوللىشى بىلەن مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى قوغداش، ئاسراش، ۋارىسلىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش قاتارلىق جەھەتتە ھاياتىمىزدا مىسلىي كۆرۈلمىگەن ئەھمىيەتلىك ئىشلار بولدى. جۈملىدىن 1988 ـ يىلى باشلانغان «خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى»نى ئىشلەش داۋامىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىختىن بېرى ساقلىنىپ قالغان خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى قۇتقۇزۇپ قېلىندى ۋە نەشر قىلىنىپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلدى . بۇ ھاياتىمىزدىكى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر سەھىپە بولۇپ قالدى. جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىمۇ شۇ قېتىمقى توپلاملار خىزمىتى ئىجراسى داۋامىدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. ئومۇميۈزلۈك كەڭ كۆلەمدە توپلاندى، توپلام بولۇپ تاللىنىپ نەشر قىلىنىدى. فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىر مىللەتلىك فولكلور مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىۋاستە ماتېرىياللىرىدىن بولغان خەلق قوشاقلىرىنى ئەسلىسىگە سادىق بولۇش ئاساستا ساقلاش، ۋارىسلىق قىلىش تولىمۇ مۇھىم. ئەسلىسىگە ئەسلىي بويىچە مۇئامىلە قىلىش، ۋارىيانتىغا ۋارىيات بويىچە مۇئامىلە قىلىش بىر خىل ئىلمىي پوزىتسىيە. بىراق ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەسلىي ئەسەر بىلەن كېيىن مەزمۇنلىرى قوشۇلغان ئەسەرلەرنى پەرق ئېتىش قىيىن بولۇۋاتقان ئەھۋالدا ژۇرنىلىمىزدا مۇندىن بىرئەسىر ئىلگىرى ئىلمىي مېتودنى ئاساس قىلىپ توپلىغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى ئېلان قىلىش ئىشىنىمىزكى ھاياتىمىزدىكى يەنە بىر ئەھمىيەتلىك ئىش بولۇپ قالىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گوستاف رەكىيوت، رادلوف، پانتاسوف قاتارلىق شەرقشۇناسلار دىيارىمىزدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش بىلەن شۇغۇللانغان ھەم يەرلىكتىن ئەينەن خاتىرىلەپ ترانسكىپتسىيە قىلىپ ئۆز ئېلىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن كىتاب قىلىپ ئېلان قىلدۇرغاندى. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا توپلاپ ئېلان قىلدۇرغان ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى خەلق چۆچەكلىرى، قوشاقلىرى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشىمىزدە، تۈرلۈك نۇقتىلاردىن ئۇلارنى تەتقىق قىلىشىمىزدا بەك قىممەتلىك ماتېرىيال بولماقتا.

ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىغا تەييارلانغان قوشاقلار 1925 ـ يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابتىن نەشرگە تەييارلاندى. بۇكىتابنى ل. ئەنسارى، ز. بەشىر، ئى. ب، خۇدايقۇل، س. ئىبراھىمى قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان.

بۇكىتابنى تۈزەتكۈچى سالىخ ئىبراھىم ئوغلىنىڭ مەزكۇر كىتابقا يازغان تۈزەتكۈچى سۆزىدىن قارىغاندا بۇ كىتابنىڭ روياپقا چىقىشى ئۆز زامانىسىدا تولىمۇ كاتتا بىر ئىش بولغان.

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار مەزكۇر كىتابنى ئىشلەشتە رادلوف ۋە پانتاسوفلارنىڭ خاتىرىلەش مېتودىدىن پايدىلانغان. كىتابنىڭ «كىرىش سۆزى» (ئەسلى نۇسخىسىدا «باشلامچى سۆز»دەپ ئالغان) دە «ژىققان نەرسىلەرنى يازغاندا قەيەردە، نېمە ، قاچان، كىمنىڭ ئاغزىدىن ئىشىتىپ يېزىلغان ئىكەنلىكىنى يېزىشقا لازىم بولسىمۇ، بىز

مۇنىڭدا ئاندا تولۇق قىلىپ كۆرسىتەلمىدۇك ، شۇنداقتىمۇ يادىمدا قالغانلار كۆرسىتىلدى.

ناخشا ـ قوشاقلارنىڭ تولىسى ۋە بېيىتلار 1922 ـ ژىلى يازدا ئالمۇتا تاشتا قارا ھەم جارلىقاپ مەھەللىلىردىن ژىغىلغان.

قوشاقلار بىلەن بېيىتلارنىڭ ئازراقى ماقالىلەر تېپىشماقلارنى تاشكەنتتىكى ئاز ـ ئايماقلار بىلىم جايىدا ئوقۇغۇچىلاردىن 1922 ـ، 1923 ـ ژىللىرى ژىغىپ ئۆززۈمنىڭ بىلگەنلىرىمنى قوشتۇم، دېگەن بولسا« ‹ئۆگەي ئانا چۆچەكى› ھېكايىسى مەن بىلىدىغان چۆچەكلەرنىڭ بىرسى ئىكەن. ‹تېپىشماقلىق چۆچەك›نى بولسا 1923 ـ يىلى ئەيۇندا زەرۋات كومەردىن ئىشتىپ يېڭىدىن يازدىم» دەپ ئەسەرنىڭ مەنبەسىنى كۆرسىتىشكە تىرىشقان.

ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ئەسەرلەرنىڭ يىغىلغان (توپلانغان) ۋاقتى تېخىمۇ ئىلگىرى. مەسىلەن، «نۇزۇگۇم»، «تىيىپ پاشا» 1917 ـ يىلى ئالمۇتادا توپلاندى دەپ كۆرستىلگەن.

مۇھەببەت ناخشىلىرى، «چىن تۆمۈر باتۇر» 1918 ـ يىلى كەتمەن، غالجات بويلىرىدا توپلاندى دەپ كۆرستىلگەن.

ماقالىلەر ئالمۇتا، غالجات، تاشكەنتلەردە 1917 ـ ، 1922 ـ يىللىرىغىچە توپلاندى دەپ ئىزاھلانغان. ئۇرۇش، جەبر زۇلۇملار توغرىسىدىكى ناخشىلارنى پانتاسوفتىن كۆچۈردۇم دەپ ئىزاھ بەرگەن.

باخشى سۆزلىرىنى بايانقازاقلىق ئوسماندىن ئالدىم دەپ ئىزاھ بەرگەن.

دېمەك، ئەسەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كۆرستىشكە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشقان. ئەسەر گەرچە 1925 ـ يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما كىتاب ئىشلەشتە قويۇلغان ئىلمىي تەلەپ خېلى يۇقىرى دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تەۋەلىكىنى، ئېيتىپ بەرگۈچىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەسلىي مەلۇماتىنى، تارقالغان جاي، توپلانغان ئورۇن ۋە توپلانغان ۋاقىت، توپلىغۇچىنىڭ مەلۇماتى، تارقىلىش دائىرىسى قاتارلىقلارنى ئەسەرگە قوشۇمچە قىلىپ بېرىش خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئايان بولغىنىدەك بەكمۇ مۇھىم ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ بىرىدۇر. گەرچە كىتاب مۇئەللىپلىرى گۇستاف رەكۇيتىنەك، رادلوف ۋە پاتاسوفلاردەك ئەينەن خاتىرىلەشكە، ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ مەلۇماتىنى ئەسەردە چوقۇم كۆرستىپ بېرىشتەك تولىمۇ ئىلمىي ئىشلىيەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق 1925 ـ يىللىرى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ كىتابنى يەنىلا خېلى يۇقىرى ئىلمىي ئەمگەك سىڭدۈرۈلگەن كىتاب دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز .

مەزكۇر قوشاقلارنى تەييارلاشتا خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاشتىكى «ئەسلىسىگە سادىق بولۇش» پىرىنسىپىغا ئاساسەن، كىتابتا قانداق ئېلىنغان بولسا، شۇنداق ئەينەن تەييارلىدىم. خاھىشىم بويىچە ئۆزگەرتمىدىم. قىسمەن تىزىش خاتالىقى ئېنىق جايلىرىنىمۇ شۇ بويىچە قويۇپ بەردىم. چۈشىنىكسىز ئۇقۇم بولمىغاچقا، ئايرىم دېئالىكت ۋە ياكى يەرلىك شىۋە بىلەن ئېلىنغان ئاتالغۇلارغىمۇ مۇشۇ كۈندىكى ئاتىلىشىغا ئاساسەن ئوخشاش بولغاچقا ئىزاھ بەرمىدىم.

ئەلۋەتتە ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ ئېيتىش ئادىتى سەۋەبىدىن بەزى ئىسىملار بىر كۇبلىتتا ئىككى خىل ئېلىنغان ئەھۋاللار ئۇچرىدى. مەسىلەن «يار»نى بىرىنچى مىسراسىدا «يار» دەپ تۆتىنچى مىسراسىدا «يا» دەپ ئالغان ئەھۋاللار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «قاراپ»نى بەزىدە «قاراپ» بەزىدە «قالاپ» دەپ ئالغانغا ئوخشاش. نەشرگە تەييارلاشتا ئەسلىي نۇسخىسى بويىچە ئەينەن ئالدىم.

شوپاڭدىن هاراق ئىشسەم،
(شەنسىن) داڭزىغا ئالدى.
بەش كۈنلۈك شۇ ئالەمدە
ئويناۋ ئالغىنىم قالدى.

بۇ باغلار ئېگىز تاغلار،
تاشى بار، توپاسى يوق
ۋەھدىسىدە تۇمىغان يارنىڭ
دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

گۈل غۇنچە گۈلى غۇنچە،
نېمە كۆيدۈرىسەن مۇنچە.
قەشىمدا تۇرمىدىڭ بىژدەم،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئەچىلغۇنچە.

2014 . 6

ھاۋادىكى لاچىننى،
تور بىلەن تۇتاي دېمەن،
ئالتۇن قارا كۆز بانى
سۇ بىلەن ژۇتاي دېمەن.

ھەجەپمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا باغىدەك بولدۇم،
قولۇمغا قوش پىچاق ئالىپ،
ژۈرەكنى يارغىدەك بولدۇم.

ئېشىكىڭدىن ئۆتتۇم مەن،
ئۆتكەنىمنى تۇيدىڭمۇ؟
توۋۇخا ئېككى چىلايدۇ،
بىر چىقمايسەن ئۆلدىڭمۇ!

سەن قاچان كەلدىڭ ئېشىككە
مەن بىلىپ ئاھ ئۇرمىدىم.
چىققىلى چارە تاپامماي.
ئولتۇرۇپ قان ژىغلەدىم.

ئېشىكىڭدىن ئۆتتۇم مەن.
نەپەمنى جاراڭلاتىپ
ئاق سارايدىن چىقمايسەن،
جالانى پولاڭلىتىپ.

ئېشىكىڭدىن ئۆتسەم مەن
تەمبۇرۇڭنىڭ ئەۋازى
ژۈرەكىمنى كۆيدۈرگەن
كۆيلەكىڭنىڭ پەۋازى.

ئېشىكنىڭ ئالدىداسىدە
ئاتقا سەلىپ بىرەي بىدە
مەريەمخاننىڭ دەردىدە،
بولدى ژۈرەكىم زىدە.

ئاتىنىڭ ياخشىسى توۋۇرۇق
قىزنىڭ ياخشىسى ئۇۋۇرۇق
ژىگىتلىك قىلاي دېسەم
پۇتۇمدا يوغان چورۇق

ئات مىنسەممۇ ئۇينايمەن،
مىنمىسەممۇ ئۇينايمەن.
قىزنىڭ ھەشىمى تولا
جۇگان بىلەن ئۇينايمەن.

لەيلى قازاق قىسماڭلار—
توزۇپ كەتەدۇ يەگە
قىزنى ئاشىق تۇتماڭلا
تەگىپ كەتەدۇ ئەگە

چوڭ سۇدا ھاراق ئىشتىم،
مەشۇغۇم داڭلىق بىلەن،
ئاچچىغىم ئۇرادۇر،
ھاۋارەڭ ياغلىق بىلەن.

جوگان بويىنى كۆسەتدى —
پەرمانىمغا ئوت كەتتى،
شۇ جوگاننى بىر سۆيسەم —
مىنىڭ تابىممۇ ئۆسەتدى.

جان دەيمۇ، جۇگان دەيمۇ.
كىيگىنى شايى كۆڭلەك
قول سالغەننى دەيمۇ.

كېتىپ باغان جۇگاننىڭ
نىمە خىيالى بار ئېكەن.
بىر بەسىپ يەنىپ قاراپ
كىمگە مەيلى بار ئېكەن.

ساي باغىنىڭ جۇگانلىرى —
چاچىڭ نىمە ئۆسمەيدۇ،
ژۇمايسەن، تارالمايسەن
ئەڭلىنىڭ شۇڭلاشقا ئۆسمەيدۇ!

يا ئۇيان ئۆتۈپ كەتتى —
يا بۇيان ئۆتۈپ كەتتى.
يارىمنىڭ دېگەن سۆزى.
جانىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

«يار» دەيسەن ئىگىلمەيسەن،
مەيدەڭدە تۆمۈر بارمۇ؟
ئاخشاملىققا كەل دەيسەن —
خالىدا ئۆيەڭ بامۇ؟

يارنىڭ يورۇقى ياردىن،
يارى بوممىسا يارقايدىن،
غۇنچە بويلىرىڭ زىبىيا،
شېرىن سۆزلىرىڭ قايدىن.

بىر كۆرۈپ سەنى يارىم،
قالمىدى مېنىڭ ھالىم.
بىر باقساڭچۇ سەن يارىم،
تەڭ بولۇپتۇ ئەھۋالىم.

مەن سەپەرگە چىققاندا
يار ئىشىگىدە قالغان
«قاچان كېلىسەن يار!» دەپ
قارا كۆزگە ياش ئالغان.

ئۆستەڭ بويىدا يالپۇز.
يالپۇزنىڭ شاخى يالغۇز.
مەن سەپەرگە كەتكەندە
يارىم قالىپتۇ يالغۇز.

ئاسماندا مېنىڭ ئايىم،
تۇرپاندا مېنىڭ جايىم،
ئاڭلاڭلار خالايىقلار.
گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم.

تاغلاردا تولا كەكلىك،
مەن يارىم بىلەن گەپلىك،
خالىدا تېپىشقاندا
ئويناپ،كۈلگىلى ئەپلىك.

مەن بارايمىكىن ئاندا
يار كېلەمدىكەن مۇندا،
يارغا يار كېرەك بولسا،
قول سەلىپ كېلەر مۇندا.

يار بىلەن بارايمۇ مەن.
يولدا قالايمۇ مەن.
كۆڭۈل بەرمىگەن يانىڭ.
كۆڭلىنى ئالايمۇ مەن؟

بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا
— چالما ئاتسام يېتمەيدۇ
بۇ كوچانىڭ قىزلىرى،
مېنىڭ يارىمغا يېتمەيدۇ.

كۈندە كۆرمىدىم يارنى
كۈندە كۆرەرمەن، دەپ.
ئۆمىد ئۈزمىدىم ياردىن،
ئۆلمىسەم سۆيەمەن دەپ.

مەن ماڭدىم كېچە بىلەن،
ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن
ئىككى قولۇم باغلاندى.
يارىمنىڭ چەچى بىلەن.

ئاتاسى يوقمىكەن يارنىڭ،
ئاناسى يوقمىكەن يارنىڭ.
مەكانى يوقمىكەن يارنىڭ !؟
كەزىپ چۆللەردە ياتقۇنچە.

ئاتلانى توقۇپ قويدۇم،
شۇرغان يامان قاردا،
ئاغزىدا دېگەن بىلەن
چىڭ كۆڭلى بۆلەك ياردا.

سېنىڭ يارىڭ ئوبدانمۇ ؟
مېنىڭ يارىم ئوبدانمۇ ؟
شامال چىقسا بۇرايدۇ—
قولىدا ئانار بارمۇ ؟!

يارىم بىلەن ئىككۆلەن،
بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان،
باشىدا ۋەھەدىمىز شۇنداغ،
ھەرگىز ئايرىلماس بوغان.

بازارغا يوللەرىڭ بوسۇن،
قىزىل گۈل ھەمرايىڭ بوسۇن.
سېنىڭدەك نازىنىن يارغا
مېنىڭدەك قۇللارىڭ بوسۇن.

نەپىگە چۇشكەن بىلەن،
ھېچ نەلە كۆرنمەيدۇ.
يارىڭ كۆزىگە قاراپ،
ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ.

ئاتمنى قويۇپ ئەتتىم،
يېڭى چىققان قىژاقلارغا،
يار دەردى مۇنداغ بولسا،
چىقىپ كەتەي ژىراقلارغا.

قورغۇيۇم ئۇچۇپ كەتدى،
تۇرپان يولىغا قاراپ،
كۆزىڭ گۆھىرى كەتدى،
يارىڭ يولىغا قاراپ.

مەن ئۆزەم كىچىك چاغدا،
كالا باقىمەن تاغدا
بۇلبۇل سارىغاندا
مەن يارىم بىلەن باغدا.





بۇ ژىل بۇغداي بەك بولدى،
ئەرزان قىلىڭ قىز باللا.
ياش باللا ياراتمايدۇ،
بەدەر قىلىڭ ياش باللا.

ئۆگزەنگە مەن چىقسام،
چارتوخا پالاقلايدۇ،
قىزنىغا ئويۇن قىلسام،
ئانىسى ۋالايلايدۇ.

كۆردىڭمۇ باياقىنى،
شاپتۇللا تاياقىنى،
ئانىسى قايداق قىلسۇن،
قىزنىڭ ساياقىنى.

جۇگانمۇ تېگەي دەيدۇ،
چوكانمۇ تىگەي دەيدۇ.
ئانىسى يامان خوتۇن.
شايدەن چاپان دەيدۇ.

بۇ يولدا تولا ماڭدىم،
بۇ يول مېنىڭ يولداشىم،
هېرىپ- چاچاپ كەلگەندە،
سۇ بەرگەن قېرىنداشىم.

سۇلار شاراقىراپ ئاقسا،
تۇگمەننىڭ نۇرى دەيمەن.
يا ئۇچۇن ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن.

ئاتاڭ سايرادىمۇ كەكلىك،
ئاناڭ سايرادىمۇ كەكلىك،
قەپەسنىڭ قەدرىنى بىلمەي،
ئۇچۇپ كەتكەن نادان كەكلىك.

ئۇچۇپ هاۋاغا چىققاندا،
لاچىن يۇتسۇن سەنى كەكلىك.

ئەگىپ دەيياغا چۈشكەندە،
نەهەڭ يۇتسۇن سەنى كەكلىك.

كېچەلەدە مەن باردىم،
ئىتىڭلارغا يالۋاردىم،
هەجەپ چىقمىدىڭ يارىم،
زەففىراندەك سارغايدىم.

دەتنىڭ تولىسى كەتتى،
مۇندىن كېيىن قاتمايمەن.
بۇ ئالەمدە تاتقاننى
ئاخىرەتدە تاتمايمەن

نەخشى ئېتمەن باشدىن
تىڭلاپ تۇت قۇلاقىڭدا،
ئاخشاملىقتا مەن باراي،
ئويناتقىن بۇلاقىڭدا.

سېرىنغ سەبدە تولۇن ئايدەك،
يۈزۈڭگە نۇر ياراشىپتۇ.
سېنىڭ ئوتىڭ پىراقىڭدا،
ژۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.

قىزارىپ تونغا سىغمايمەن،
مگەر كۆرسەم جامالىڭنى.
جىمى ئالەمگە بەرمەيمەن،
سېنىڭدەك جورا خالىمنى.

ئىلى خونىڭ يولىدا،
ئەينەك تاختا قولىدا.
ملىڭ جان بەرسە ئەرزىمەيدۇ،
قەمبەرغاننىڭ يولىدا.

ئالما ئاتتىم تېرەككە
يېنىپ چۈشتى ژۈرەككە،
بارىپ ئېتىڭ قەمبەرخانغا.
مەلھەم سالغاي ژۈرەككە.

بۇلبۇل قونماغان دەرەخ،
سويما سالماغان پەلەك،
ئون تۆرت ياشىدا يار تۇتۇپ،
يارغا تويمىغان ژۈرەك.

ئاق قاشنى ئېگىز دەيدۇ —
ئاق بور تاغقا يېتمەيدۇ،
ئەل قىزىنى ماقتايدۇ،
قارا كۆزگە يېتمەيدۇ.

ئات مىنەدىم كۆرەڭ قاشقا —
چاپتۇردۇم شاخىل تاشقا
ھەركىمنىڭ يارى باشقا
ئوخشامدۇ قەلەم قاشقا؛

ئانار گۈلى تاپەرمان
مەن يارىمنى تاپەرمەن
مەن يارىمنى تاپقاندا —
مۇرادىمغا يېتەرمەن.

ئاسماندىكى ژۇلدۇزنىڭ
شامچىراغلەرى بادۇ،
ژۈرەكىمنى يېرىپ باق —
كۆيگەن داغلىرى باردۇ.

ئاسماندىكى ئۈچ ژۇلدۇز
كۈندىن كۈنگە نۇرلايدۇ.
بىز بويلۇق بولۇپ قالدۇق
بىزنى قاچان ئۆيلەيدۇ.

ئاينى ئايغا تاتايمۇ
كۈننى كۈنگە تاتايمۇ؟
يارىم دەردىڭدە سېنىڭ
پەنجىرەڭدە ياتايمۇ؟

ئاغرىپ ئىدىم ئۆلگەنى
يارىم كەپتۇ كۆرگەنى
قوپقىنى دەرمانىم يوق —
ياغا تارىم قىلغىنى.

ئۆگزىڭگە چىقىپ ئەپسەن
تۆۋەنگە قاراپ،
ئىشىگىڭدىن ئۆتتۇم مەن،
بۇلبۇلۇڭ بولۇپ سايراپ.

ئۆگزىگە چىقىپ باقسام
يەلپىنىپ جۇۋان چىقدى،
جۇۋانغا قارايمەن دەپ —
قاپچۇغۇم سۇغاچۇشدى.

ئۇيان ئۆتىدۇ بىر گۈل —
بۇيان ئۆتىدۇ بىر گۈل.
يارىمنىڭ ئاياغىدا
سايراپ ئۆتىدۇ بۇلبۇل

يايلاقدا ئوتلاپ ژۈرگەن،
قارالا مېنىڭ قويۇم
ئەمدى بىز كەتەر بولدۇق.
قوچاقلاپ سۆيەپ قويۇڭ.

ئىشىك ئالدىڭدا كۆك تېرەك —
ئۇ تېرەككە سۇ كېرەك،
ئېگىز بويلۇق ژىگىتكە —
ئوتتىرو بويلۇق قىز كېرەك.

ئېگىز قارىغاي تاغدا،
پەس قارىغاي تېنى قاردا،
ئاغزىدا دېگەن بىلەن،
چىن كۆڭلى بۆلەك ياردا.

ئىلى دېگەن شەرىڭدە،
ئون تاسقايدۇ لەنگىز بىدە
ئانارخانىڭ دېگەن قىزىنىڭ،
مەڭگى بار ئىكەن مەڭزىدە.

ئېيتىڭلار مېنى يارغا،
چاقىڭلا مېنى يارغا.
ئۆزۈمنىڭ گۇناھىدۇر،
ئاستۇرۇپ ئېتىڭ دارغا.

ئېگىز ئايۋان سارايىم بولسا
سارايىنىڭ نېمەسى بار،
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا
ئۆزگەنىڭ نېمەسى بار.

ئىچمەيمەن هاراقىڭنى —
تۇتقانىڭغا ھەشقاللا،
ئاشىقىسىز زۇرمەيدۇ
يېڭگى ئۆسمە ياش باللا،

ئاق لەيلى قىزىل لەيلى،
يارنىڭ بارمىكەن مەيلى،
بولسا،بولمىسا مەيلى،
بىز يارنىڭ قەلەندەرى.

ئانارخان سېنىڭ بويۇڭ
قاچان بولىدۇ تويۇڭ،
بولسا، بولمىسا تويۇڭ
قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويۇڭ.

ئاشىق بولمەن دەيدۇ —
جانغا كۆيسە بولمامدۇ.
ئەدەم بالىسى تولا
قەدرىنى بىلسە بوماMدۇ.

ئاخشاملىققا يا كەلسە
ساچىدىن بەلگە ئېلىپ قاسام،
ھەرگىز تۇيمىسىڭىن دۇشمەن —
يارنىڭ كەمىكى ئەسان.

ئالمۇتوغا بارمايمەن،
سايدا پۇتۇم ئاغرىيدۇ،
ئىلىدىكى يارىمغا،
ئەمدى ئىچىم ئاغرىيدۇ.

ئاتى مېھرىبان قىزنى،
ئالسام ئارمىنىم يوقتۇ،
سۆيگەن يارىمنى ئالسام،
ئۆزىگە لايىقىم يوقتۇ.

ئىشىكىڭنى كەلىڭ ئاچ،
بويۇڭنى كۆرۈپ ئالاي،
قۇلۇغىڭدىن تۇتۇپ ئېلىپ،
مەڭزىڭدىن سۆيۈپ ئالاي.

ئوينارغا خىيالىم بار،
مېنىڭ روزىگارىم بار.
ھەرۋاقىت ئېچىلمايسەن،
سېنىڭ بىر خىيالىڭ بار.

ئىشىك ئالدىڭ بۇيادۇر،
شىلدىر ئەتسە ، ئۇ يادۇر،
نوزۇگۇمنىڭ بىلەكى —
تۇتماي تۇرۇپ سۇنادۇر.

ئۆيۈم يانىدا بولسا
ئاغزىم بىلەن دان بەرسەم،
ئەقىدە ساخلىغان يارنىڭ،
قۇچاغىنىدا جان بەرسەم.

سۇزدۇم هاۋادا قۇشتەك،
كىردىم جانان ئىزىغا،
بىر خالتا ئالما بېرەي
ئەتى مېھرىبان قىزغا.

تەييارلىغۇچى: **مۇختار مۇھەممەد**

# 2013 ـ، 2014 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجە

## ئىلمىي ماقالىلەر

### 2013 ـ يىل 1 ـ سان


ئەجداد مىراسى ــ ئەۋلاد جۇلاسى ........................ ئابدۇبەسىر شۈكۈر (1)
ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش سىرى ........................ قۇربانجان ئوبۇل (6)
ئاتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ........................ ئابدۇبەسىر شۈكۈرى
ئالتۇن ۋە ئالتۇنغا مەركەزلەشكەن ماقال ـ تەمسىللەردىكى قىممەت قاراش توغرىسىدا ........................ شەرىپە ئابدۇغوپۇر (46)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كۆڭچىلىكى ........................ مامۇت قۇربان (61)
قەشقەر تېكىستىلىرى ........................ ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (72)
قاراقاش نانلىرى ........................ ئايمۇھەممەد ساھىبى (34)
ئۇيغۇرلارنىڭ ھازا ئېچىش ئادىتى توغرىسىدا ........................ مەنسۇرجان تۇرسۇن (53)


### 2013 ـ يىل 2 ـ سان


باھارنى سۆيۈپ ........................ غالىپ مۇھەممەد قارلۇق (1)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئوت ساقلاش ئادىتى توغرىسىدا ........................ ئابدۇغېنى ئوسمان (23)
دولانلارنىڭ ئوۋچىلىق ئادىتى ........................ ئېلى ئىقبال (29)
دارۋازلىق ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ........................ ئابدۇرىشات مۇساجان توغرۇل (33)
قاراقاش نانلىرى ........................ ئايمۇھەممەد ساھىبى (35)
قەشقەر نانلىرى ........................ ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (43)
ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىم مەدەنىيىتىدە تەلپەكنىڭ بارلىققا كېلىشى ........................ مۇھەممەد سېلىم مۇھەممەد قاسىم (61)
ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتىدىكى تۆت گۆھەر ........................ ئەكرەمجان مەترۇسۇل ئۈمىدى (71)


### 2013 ـ يىل 3 ـ سان


فولكلور خەزىنىسىنى قازغۇچى «مىراس» ژۇرنىلى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپە ........................ مەھمۇد زەيدى (1)
يەكەندىكى مۇقەددەس جايلار ........................ ئىمىن تاجى تۇرگۇن تەرجىمىسى (6)
قىلىچ بۇغراخان قەبرىگاھى ........................ تۇرغۇنجان ئۆمەر (63)
قەدىمكى تارىمنىڭ بورىچىلىقى ........................ مەتسەيدى مەتقاسىم (9)
دولان مەشرەپلىرىنىڭ تەربىيەۋى رولى توغرىسىدا ........................ باتۇر داۋۇت قۇرىغار (22)
ئاتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ........................ ئامىنە مۇھەممەد ئايچىن (50)
خوتەندىكى چار بازارچىلىق ........................ مۇتەللىپ ئىقبال (59)
مىراس قىزغىنلىقى ۋە مەشرەپ تەتقىقاتى ........................ خۇدابەردى ئابىخان (66)
قەشقەر تېكىستىلىرى ........................ ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (12)
خۇنخاي مازىرىدىكى توي خاتىرىسى ........................ ئابدۇشۈكۈر ئىمىنجان باھاۋۇدۇن تارىخ (27)
ئۇيغۇرلاردا سىركە ئىستېمالى ........................ ھەبىبە نالە (70)


### 2013 ـ يىل 4 ـ سان


«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئۆلچەم قوراللىرى ۋە بىرلىكلىرى ........................ ئىسرائىل مۇتىللا (1)
فولكلور نەزىرىيەسىنىڭ تەرەققىياتى ........................ ئابدۇقەييۇم مىجىت (9)
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئۇيغۇرلار ........................ تۇركىزات ئابدۇبەسىر (61)
ياقالەنگىرى بۇتخانا خارابىسى ........................ مەمتىمىن ئابلىز (7)
پېتربۇرگ كۇتۇپخانىسىدىكى نەۋايى ئەسەرلىرى ھەققىدە ........................ ئىلشات ئەيسا (43)
جىگدە دەرىخى ........................ ئابدۇكېرىم تۇردى (22)
كوسراپلىقلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ........................ ئابدۇقەييۇم مۇھەممەد (30)
ئۇيغۇرلارنىڭ سالاملىشىش ئادەتلىرى ........................ شەۋكەت ئىلاخۇن (46)
ئۇيغۇرچە ئېتىقاد ۋە قارا قوشۇنلۇق ........................ تۇرسۇن قۇربان تۈركەش (52)
ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ توي ئىشلىرىدىكى ئەلچىلىك ئادىتى ........................ دىلبەر تەلئەت (69)

قەشقەر تېكىستلىرى ............................ ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (74)

## 2013- يىل 5- سان

زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرايلى ......... ئازات سۇلتان (1)
مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىمى ............................ مۇختار مۇھەممەد (8)
خەلقنى زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن تەربىيەلەپ ئىلغارلىققا يېتەكلەيلى ............................ نۇرنىسا باقى (12)
ئەنئەنىۋى ئىلغار مەدەنىيەت بىزنىڭ قىممەتلىك مىراسىمىز ............................ خۇرسەنئاي مەمتىمىن (14)
ئىلغار مىللىي ئەنئەنە ئامىللىرى قوغداشقا موھتاج ............................ ئەزىزەم تۇيغۇن (16)
تەرەققىياتنىڭ پۇرسەتلىك چاغلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرايلى ................
............................ ماھنۇر ھاجى ياقۇپ ئانات (18)
كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ............................ ئايگۈل ئابلىز (25)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشلىق، مېۋە، سەي- كۆكتاتلارنى ساقلاشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرى .......... ئابدۇرۇسۇل مۇھەممەد ئەلتۇغ (28)
كوسراپلىقلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ- ئادەتلىرى ............................ ئابدۇقەييۇم مۇھەممەد (50)
ئۇيغۇرلاردا ياماقچىلىق ............................ ئابدۇكېرىم تۇردى (68)
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەينىگە ئائىت بايانلار ............................ روبېرت دانكوف (40)
ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمىدىكى ئىملداشلىق مۇناسىۋەت توغرىسىدا ............................ ئابدۇقەييۇم مجىت (62)
قەشقەر تېكىستلىرى ............................ ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (71)
ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىكىنىڭ ئارگىنال بېكىتىش ئۇسۇللىرى ............................ غالىپ مۇھەممەد قارلۇق (76)

## 2013- يىل 6- سان

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھويلا- ئاران باقمىچىلىقى ............................ مۇھەممەد تۇرسۇن ھەسەن (1)
كوسراپلىقلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ- ئادەتلىرى ............................ ئابدۇقەييۇم مۇھەممەد (33)
ئۇيغۇر خەلق ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى ھەققىدە ............................ خۇرسەنئاي مەمتىمىن (18)
ئەنئەنىۋى ئويۇنلار ............................ مۇھەممەدئىمىن سابىر (20)
ئۇيغۇرلاردا يارغۇنچاقلىق ئەنئەنىسى ............................ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (9)
سۇمبۇل چاچتىن مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر ............................ جامالىدىن جالالىدىن (15)
ئۇيغۇرلاردا ئاق قوناق تېرىقچىلىقى ............................ ئابدۇكېرىم تۇردى (27)
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن ئۇن ۋە ماي ............................ مامۇت قۇربان (43)
قەشقەر تېكىستلىرى ............................ ئابلىمىت قۇربان ھەمراھ (48)
ئەل ئىچى رەسىاملىقى بىلەن زامانىۋى بەدىئىي لايىھەلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ............................ ئىلھام ئەلى (54)
ئۆزبېك مىللىتىدە نەسەب ............................ رەخىم خوجائەخمەت خوجا (65)
«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2010- يىلدىن 2012- يىلغىچە بولغان ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ............................ نۇرنىسا باقى (70)

## 2014- يىل 1- سان

ئەلۋىدا كۇلكە سۇلتانى ............................ ماخمۇت مۇھەممەد (1)
موللا زەيدىن ............................ كىم ئەركىن مۇھەممەد خاقان (12)
ئۇيغۇرلاردا ئائىلىدە تەييارلانغان مېۋە شەربىتى ............................ مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (18)
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئۆلۈم، تاشقى قىياپەت ۋە ئىگ (كېسەللىك) ئاتالمىلىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار ... ئىسرائىل مۇتىللا (26)
ئۇيغۇرلارنىڭ يوتقان- كۆرپە، تەكىي ياستۇقلىرى ............................ ئابدۇقەييۇم مجىت (36)
ئازنا مەسچىت ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە بىناكارلىق قۇرۇلمىسى ............................ ئەركىن ئاۋۇت (60)
ھاۋانچا ............................ ئابدۇكېرىم تۇردى (64)
قەشقەر تېكىستلىرى ............................ ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (44)
مۇھەررىرلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ھەققىدە ............................ دىلئارام ماخمۇت (52)
ئۇدۇم ئېرىملىرىمىز ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئىپادىلىرى ............................ ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (66)
ئۇيغۇرلاردا پىچاقچىلىق ھۈنەر- سەنئىتى ۋە يېڭىسار پىچىقى ............................ مۇھەممەدئېلى ئەنۋەر (72)

## 2014- يىل 2- سان

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە توغرا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرايلى ............................ ماھنۇر ئۆمەر (1)

ئىسلامىيەتنى توغرا تونۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزگە ياخشى ۋارىسلىق قىلايلى ........................ تۇرسۇن ھېيتەم قارى (4)
چاي مەدەنىيىتىمىز ۋە چايدىن تۇغۇلغان ئويۇنلار .............................................. نۇرنىسا باقى (8)
«دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن ئاياللارنىڭ كىيىم ۋە زىننەت بۇيۇملىرى .................. مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (12)
ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرچىلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ............ ئايگۈل ئابلىز (15)
كىرۇران شەھىرىنىڭ بايقىلىشى ۋە كىرۇران نامى توغرىسىدا ...................................... غالىپ بارات ئەرك (44)
ھەكىملىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۇزۇقلىنىش ئادىتى ............................................ ئابدۇقادىر سادىر (19)
شاقۇر ۋە شارقۇرلۇقلار ................................................................ مۇختار تۇردى (26)
ئاۋات خەلقىدىكى جەمەت لەقەملىرى ........................................................ بۇخەلچەم ئابدۇۋەلى (34)
خوتەننىڭ قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇسكۇنىلىرى ................................... مۇھەممەدتوختى رەجەپ تارام (71)
«كىلتان، قۇلۇپ» توغرىسىدا ........................................................... ئابدۇكېرىم تۇردى (75)
قەشقەر تېكىستىلىرى ................................................................ ئابلەت قۇدرەت ھەمراھ (63)

## 2014- يىل 3- سان

مەدەنىيەتلىك بولۇشتىن ئەخلاق، ئېتىقاد، پۇل ۋە ئېزگۈلۈككە قەدەر ............................ ماخمۇت زەيدى (1)
جامىت فرانزېر ۋە ئۇنىڭ «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسىرى ...................................... ئابدۇقەييۇم مىجىت (55)
مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى توغرا ئىستېمال قىلىپ، ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرايلى ....................
........................................................................ ماھنۇر ھاجى ياقۇپ ئانات (6)
خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى پەردازچىلىق مەدەنىيىتى ۋە سالامەتلىك ................................ قۇربانجان ئۇبۇل (13)
ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتكەن گۈزەللىك قاراشلىرى توغرىسىدا .................. مۇھەررەم مىرئابدۇللا (19)
بوۋاقلارنى ئېغىزلاندۇرۇش ئادىتى .......................................................... مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (25)
سېرىق قۇلاقلار ھەققىدە ................................................................. ئابدۇغېنى توختى (27)
«ئىسرىق سېلىش» ئادىتىمىزنىڭ ھاياتلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ............................ ئېلچان ئىسمائىل (67)
كۆچا ئات ئويۇنى ....................................................................... قۇربانجان ئابلىكىم ئىمىن (72)
ئۇيغۇرلاردا ئوچاق مەدەنىيىتى ............................................................. ئابدۇغېنى تۇر (73)
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى تىككۈچىلىككە ئائىت ئاتالغۇلارغا شەرھ .............................. مامۇت قۇربان (38)

## 2014- يىل 4- سان

مەرىپەت ۋە ئىنسانىي قىممەت ............................................................ ئابدۇبەسىر شۇكۇر (4)
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى باغاچىلىق ۋە تۆگمەنچىلىك ...................................... مامۇت قۇربان (9)
پەرھىزلەرنىڭ بالىلار تەربىيەسىدىكى رولى توغرىسىدا ......................................... ھەزرەتئەلى ئابدۇكېرىم (14)
كوسراپ خەلقىنىڭ ئۆجمە دەرىخىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش ئادىتى ............................ نۇرئەلى ئەلەم (21)
ئېپوس ۋە داستانلاردىكى چىپار ئات ئوبرازى ............................................... مۇھەررەممىر ئابدۇللا (26)
پوتا باغلاش ئادىتى .................................................................... ئەكرەمجان مەترۇسۇل ئۇمىدى (69)
لوپ نامى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى .......................................................... ئادىل ھاشىم (71)
ئەندىجانغا زىيارەت ...................................................................... تەلئەت ناسىرى (29)
«كىتابى ئابدۇللاھ» ۋە ئۇيغۇر فولكلورى ................................................... تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش، ئاسىيەم ئىمىن (40)
يېگىلىق تۇتۇش ........................................................................ مۇھەممەد توختى (78)

## 2014- يىل 5- سان

خاتا دىنىي چۈشەنچىلەرگە رەددىيە ...................................................... ھاجى رېھىمجان روزى ھەسرىتى (قازاقىستان) (10)
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى توي مەدەنىيىتى ........................................................ ئابدۇكېرىم تۇردى (20)
ئەنئەنىۋى مېۋە- چېۋە قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرى ................................................... مۇھەممەد تۇرسۇن ھەسەن (33)
ئۆلۈم- يېتىم ئادەتلىرىمىز .............................................................. مەلىكىزات ئابدۇكېرىم (61)
ئۆزگەرتىپ قوللىنىلىۋاتقان ماقال- تەمسىللەر ................................................ ئىلھام مۇھەممەد (51)
ئۇيغۇر مىسكەرلىكىنىڭ سەنئەتلىك قىممىتى ................................................... سابىرجان سېيىت (65)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۆشۈك جابدۇق مەدەنىيىتى ........................................... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (69)

## 2014- يىل 6- سان

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن چارۋا- مال ئەمچىلىكى ................................ مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (1)

ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەتلەر ........................ بەرنا ئۇبەيدۇللايېۋا (58)
خاتا دىنني چۈشەنچىلەرگە رەددىيە ........................ هاجى رېھىمجان روزى (هەسرىتى) (قازاقىستان) (4)
مەدەنىيەت ۋە ئۆزلۈك ئېڭىمىز توغرىسىدا ئىككى كەلىمە ........................ ئابدۇرۇۋپ نىياز داموللام (37)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۆشۈك جابدۇق مەدەنىيىتى ........................ ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (16)
ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈكچىلىك — كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ........................ ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىديار (44)
ئۇيغۇرلاردا كاۋاپ مەدەنىيىتى ........................ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (47)
2013-، 2014-يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجە ........................ تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى (73)

## چۆچەكلەر

### 2013-يىل 1-سان

ئاققۇلۇم بىرگېن ئاكا ۋە ماختۇمى جان ئۆكۆ ........................ غالىپ بارات ئەرك (42)
تاغ پالۋان ........................ (67)

### 2013-يىل 2-سان

كىنىزەم بىلەن بوز كۆرپەش ........................ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (35)

### 2013-يىل 3-سان

تاجى پاشا بىلەن زورا خېنىم ........................ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (46)

### 2013-يىل 4-سان

ئوغرى ........................ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (40)

### 2013-يىل 5-سان

ئاتنىڭ قىلدىغان ھۈنىرى ........................ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (32)

### 2013-يىل 6-سان

تۇتى ........................ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (61)

### 2014-يىل 1-سان

پادىشاھ ........................ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (21)

### 2014-يىل 2-سان

تەيى بىلەن زۆھرە ........................ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (49)

### 2014-يىل 3-سان

چۈشنى سېتىش ........................ (17)

### 2014-يىل 4-سان

چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قىسسەسى ........................ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (61)

### 2014-يىل 5-سان

مەرۋايىت ........................ زۇلپىيە ئابدۇخېلىل (1)

### 2014-يىل 6-سان

شىرىن ........................ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (61)

## قوشاقلار

### 2013-يىل 1-سان

قارا كۆز قەلەم قاش يارىم ........................ (28)

### 2013-يىل 2-سان

بېيىت-قوشاقلار ........................ (21)
شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېر سىگفىرىد موئېن توپلىغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانما ........................ مامۇت ئىمىن (75)

### 2013-يىلىك 3-سان

قوشاقلار ........................ (47)

### 2013-يىل 4-سان

ۋاپادارلىق ........................ (27)

**2013-يىل 5-سان**
شېرىن سۆزلۈك قەلەم قاش ...... تەييارلىغۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن (60)
**2013-يىل 6-سان**
تورغىيىمنىڭ جامالى ئايغا ئوخشايدۇ ...... (67)
**2014-يىل 1-سان**
بۇيلۇقتىكى يارىمغا ...... توپلىغۇچى: پەتتار تۇرسۇن ئەمەتقۇتى (49)
**2014-يىل 2-سان**
مۇھەببەت ئىزهارى ...... (23)
**2014-يىل 3-سان**
قەلەمدەك قاشلىرىڭ — ئايدەك جامالىڭ ...... (35)
**2014-ىل 4-سان**
ئاق تىكەن ئايدەك تىكەن، ئايدىن گۈزەل يار ئىكەن ...... (37)
**2014-يىل 5-سان**
بېيىتلار ...... تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (60)
**2014-يىل 6-سان**
قىز-يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرى ...... تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (64)

## تەرجىمە ئەسەرلەر

**2013-يىل 3-سان**
تارىخىي ماتېرىياللار ...... ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى (32)
ئېنئاستېر ئارىلىدىكى دۆلەت باغچىسى ...... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (73)
**2013-يىل 4-سان**
خاتۇشا (خىتىم شەھىرى) ...... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (50)
**2013-يىل 5-سان**
خاتۇشا (خىتىم شەھىرى) ...... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (48)
**2014-يىل 1-سان**
خاتۇشا (خىتىم شەھىرى) ...... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (47)
**2014-يىل 2-سان**
خاتۇشا (خىتىم شەھىرى) ...... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (32)
خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ۋە فولكلورى ...... ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى (37)
**2014-يىل 3-سان**
خاتۇشا (خىتىم شەھىرى) ...... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (52)
**2014-يىل 4-سان**
خاتۇشا (خىتىم شەھىرى) ...... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (66)
**2014-يىل 5-سان**
يىپەك يولى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى فولكلور مەدەنىيىتى ...... جۇۋ جېڭباۋ (42)
**2014-يىل 6-سان**
پىروفېسسور ۋالدىشمىت ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ قەدىمقى ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىلىرى ...... گېلىڭ شىمىن (32)

## رىۋايەتلەر

**2014-يىل 1-سان**
تەكلىماكاندىكى ئابىدە — مازارتاغ ...... مەتسەئىدى مەتقاسىم (35)
**2014-يىل 3-سان**
لۈكچۈن بازىرىدىكى بىر قىسىم رىۋايەتلىك يەر-جاي ناملىرى ...... مۇھەررەم ئابدۇللا (19)
**2014-يىل 5-سان**
كىلياڭ نامى ھەققىدە ئىزدىنىش ...... توقسۇن ھۇسيىن ئەلقۇت (31)

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەرخىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ - ئادەتلىرى، «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر، «كۈلكە — جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە - يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ — شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيەلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت - بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا - ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم - ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، باللارغا ئەقىل - پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە


بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 — 1130\1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 — 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

E−mail:miras uyghur @126.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 36.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئابدۇكېرىم نەسىردىن ئەسەرلىرىدىن تاللانما















«مۇڭ» ئابدۇكېرىم نەسىردىن